# قەشقەر ئەدەبىياتى

AltunOq

5

1984

www.uyghurkitap.com

# قەشقەر ئەدەبىياتى

1984 - يىل 5 - سان

13 - يىل نەشرى

(ئومۇمىي 60 - سان)

قەشقەر ۋىلايەتلىك

ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

# بۇ ساندا

## شېئىرلار


بىباھا تۇپراق ...... ( داستان ) ...... مىرزاھىد كېرىمى 1
ئىككى شېئىر ...... ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 10
ئىككى شېئىر ...... ئالىم مەخمۇت 11
ۋەتەنگە ...... ئابدۇسەمەت خېلىل 12
ئانا ـ ۋەتەن ...... ھامىد مەھمۇدى 13
مەسەللەر ...... ھاجى ئەخمەت 72
تۇيۇقلار ...... مەمتىلى زۇنۇن 92
ئىككى شېئىر ...... سادىن سادىرى 95
گۈل ـ گۈلىستان بولغۇسى ...... ئابدۇرېھىم سەئىدى 97
قەۋرە ئالدىدا ...... مامۇت زايىت 98
شېئىرلار ...... ئابدۇللا ساۋۇت ، ئەخمەت داۋۇت، ئىمام 99
...... مەھەممەت، پەرھات مەھەممەت، ئەبەي
...... دۇللا ئابدۇلۋارى، داۋۇتجان سەيدىن.
...... سەيلىخان بارات، ئابدىقادىر مەھەممەت 106


## ھېكايە ۋە نەسرلەر


ئۇمۇت شامى ئۆچكەندە ...... تۇرسۇن نىياز 22
دۈيجاڭنىڭ ئايىلى ...... ئابدىقادىر تاش 77
گۇمان ...... ئالماس ئالماس 82
ئۇستاز ...... ئابلىمىت باتۇر 89
قەيىنئانام مېنى قىزىم دىدى ...... غوجا ئابدۇللا 108
رەھبەر ...... تۇرسۇن ياسىن 116
يۇمۇرلار ...... تۇرسۇن ئىمىن 125


## ماقالىلار


« ژورنىلىمىز قەلەمكەشلەر ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى ......
...... مەھەممەت تۇرسۇن ئابدىكېرىم 18
تەبرىك سۆز ...... قەييۇم تۇردى 20
قەشقەر گۈلزارىدىكى خۇشناۋا بۇلبۇللار ...... 33
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەربىي تەدبىرلەر توغرىسىدا ...... تۇرغۇن ئالماس 54
ئەدەبىياتتىكى چىنلىق ۋە تەسىرچانلىق ...... قاۋسىلىقان قامىجان 121


(بۇ ساندىكى رەسىم ۋەھۆسنخەتلەرنى جۇمە ئابدۇللا، تۇرغۇن ئابىدە، ئابدىزايىت
ئابدۇللا ئەبەيدۇللا، مەھەممەتلەر ئىشلىگەن)

www.uyghurkitap.com



# بىباھا تۇپراق

( داستان )

مىرزاھىد كېرىمى

« ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم،
ئۆز ئېلىمىدە يايرىغاي كىيسەم كۇلاھىۇ ـ جەندىسەن.»
(ت. ئېلىيۇپ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»دىن)

## مۇقەددىمە

بولمىغان قەلب، زاتى ۋەتەن ئىلكىدە،
كىشى زەردىن تاغ ياسىسا، قىلسا باغ.
كۆڭلى ئىمىن بولماس ھىجران دەردىدە،
پۈتەر ئۆمرى يۈرىكىگە سېلىپ داغ.
بۇ قىسمەتتىن بىلىڭ دوستلار، شۇ ئايان :
ۋىژدان، ئىمان ئەسلى ۋەتەن سۆيگۈسى.
ئەسقاتمىسا ۋەتىنىگە ھەر ئىنسان
ئۇنىڭ كۈنى بىلەن ئوخشاش ئىت كۈنى.
سىيا قىلىپ مۇساپىرنىڭ پېشىنى،
يازدىم داستان ئوقۇپ ئەلگە مەدھىيە.
ۋەتىنىدىن ئايرىلمىسۇن ھېچ كىشى،
ئەينەك بولۇپ بۆگۈنى ھۆر ئەتىگە.

**1**

شۇ كوچىدىن ئۆتەر سانسىز ماشىنا،
قۇرۇق ئەمەس ھەممىسىدە ئادەم بار.
كېتىۋاتقان تىرىكچىلىك كويىدا
شۇ ئادەملەر كۆزىدە بۇ ئالەم بار...
كىلەر يەنە شۇ كوچىدىن بىر كىشى،
ئىگىز چاپسان تەگمەي پۇتى ـ پۇتىغا،
قاماپ تۇتۇپ بىر ئۇزۇنچاق خالتىنى،

مېھرى بىلەن چىڭ قۇچاقلاپ قولىدا.
ئاق سانچىلغان چېكىسىدىن ئېقىپ تەر،
قىزىپ تۇرغان يۈزلىرىگە قۇيۇلار.
كۆزگە يىراق، دىلغا يېقىن شۇ قەدەر،
بىر دەرياغا چۆمۈلگەندەك تۇيۇلار.
بۇلۇتقا بوي سوزغان كۆركەم بىنالار،
نەزىرىنى تارتالمايتتى ئۆزىگە.
ئۈژمە سايە تاشلاپ تۇرغان بىغۇبار،
كىچىككىنە ئۆي كۆرۈنەر كۆزىگە.
ھېچ تەرەپكە باقماي ئويلاپ كېلىدۇ،
پۇراپ قويۇپ خالتىنى ئۇ گايىدا.
ۋۇجۇدى بىر شىرىنلىكنى سىزىدۇ،
كۆكچى تىلىپ يىگەندەك ئۆز دالىدا.
خالتىدىكى گوھەرمىدۇ، پۇلمىدۇ،
نەگە بارار تېڭىپ ئۇنى باغرىغا؟
چىرايىدا شاتلىق نۇرى چاقنايدۇ،
كۆزى چۈشكەن كەبى ئەنجىر — ئالمىغا...
كىرا قىلىپ چۈشكەن بولسا پىكاپقا،
بارار ئىدى مەنزىلگە تېز يېتىپ.
ھېرىقسىمۇ ماڭار يار — يار ھارۋىدا —
ناخشا توۋلاپ ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىپ.
ھېرىقسىمۇ ماڭار يۈگرەپ — ھەمۇدەپ،
قارچۇغىدا چاقنار پىراق ئۇچقۇنى.
شىۋىرلايدۇ قۇلىغىغا ھىلپىرەپ
ئۆز يۇرتىنىڭ چېچەكلىگەن يۇلغۇنى.
كۆڭلىگە زەپ سايرىغاندەك بىلىنەر،
گۈلشەن باققا چىللاپ ۋەتەن بۇلبۇلى ...
پۇراپ ماڭار خالتىنى ئۇ يۈز يېقىپ،
ئىپار رەيھان بويى كېلەر گۈپۈلدەپ.
ئۇھ تارتىپ دەر يۈرەك باغرى ئورتىنىپ:
«مەن يۇرتىمەن قەيەرلەردە تەنتىرەپ؟
بۇ كىچىك بوز خالتىدىكى پاك توپا،
يۇرتۇم سېنىڭ قۇچىغىڭدىن ئېلىنغان.
پەرزەنتلىرىڭ قاتارىدا ئۇنىڭغا،
كىندىك قېنىم، يارىم قېنى قېتىلغان...

مانا بۈگۈن، ئېزىز يۇرتۇم، توپاڭنى،
يىراق ئەلدە مەن كۆتىرىپ بارىمەن.
باش كۆزۈمگە ئۇرۇلغان چاڭ — توزاڭنى،
بۇ خالتىدىن ھەم سۈمۈرۈپ بارىمەن.
ئۈمىدىنى يەرگە قويماي ئاتامنىڭ،
تىلىگىمنى سالقىن يەرگە ئۇچۇرماي.
روھىن يوقلاپ رەھمىتى جان ئانامنىڭ،
ئەۋەتىپسەن تۇپرىغىڭنى يوشۇرماي.
ئۇچقۇ بىلەن ئىستامبۇلغا تۇنجى رەت،
كەلدى توپاڭ قىلىپ پەرۋاز پەلەكتە.
ھايات ئۈچۈن ھەممىدىنمۇ جان قىممەت،
بولدى توپاڭ جاندىن ئەلا ھىجرەتتە.
كەلدىم ئۆيدە ماشىنامنى قالدۇرۇپ،
تۇپرىغىڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىلاي دەپ.
چوڭ — كىچىكنى ھەيرانۇ-ھەس قالدۇرۇپ،
بۇ توپاڭنى تاۋاپ قىلىپ ماڭاي، دەپ.
رەخمەت يۇرتۇم!
بۇ توپاڭنى كۆتىرىپ،
پەخىرلىنىپ ماڭسام مەڭگۈ ئەرزىيدۇ.
باش ئەگمەيمەن!
"ۋەتەنسىز»، دەپ چۆكۈرۈپ
ئەمدى بىراۋ توساپ كۆكرەك كەرسەمۇ.
مۇساپىرمەن كېلىپ قالغان بۇ ئەلگە،
بىراق زىنھار مەن ۋەتەنسىز ئەمەسمەن.
ۋەتىنىم بار، كۈنگە ماكان ئۇ شەرقتە،
قارلىق تېغى كۆك ئاسماننى تىرىگەن.
رەخمەت يۇرتۇم!
شەرەپ ماڭا توپاڭنى،
يۇرتىڭىزگە تىكىپ ماڭسام پىيادە.
ئۇنۇتماپسەن مەندەك ئازغان بالاڭنى —
كۆڭلى يېرىم شور پىشانە — بىچارە.
رەخمەت يۇرتۇم! بىلدۈردۈڭسەن قەدرىڭنى،
شان — شۆھرىتىڭ داڭ كەتكەندە جاھانغا.
رازى ئىدىم كۆرۈپ ئۆلسەم ۋەسلىڭنى.
ياشلىق ئىزىم قالغان ئەلۋەك ماكاندا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋەتەن بىلەن ئىكەن ئادەم ئەركىنۇ –
ھۆرمىتى ھەم ھوقۇقى ھەم بەختى ھەم.
ئۆز ئېلىدە چەككەن جاپا – جەۋرىمۇ،
راھەت ئىكەن، يۇرتۇم سېنى ئەسلىسەم.
توپاڭنى تېز ئېلىپ بېرىپ ياشانغان،
سۈرەي خىرە كۆزلىرىگە ئاتامنىڭ.
ئاھ، جان ئۈزگەن قاراپ تويماي سەن تامان،
چاچاي مۆكلۈق قەۋرىسىگە ئانامنىڭ...»
ئۆز – ئۆزىگە سۆزلەپ كېلەر يولۇچى،
ئوي – پىكىرىدەك قەدەملىرى ئىتتىكلەپ.
چىرايىغا ئۇرغۇپ چىقتى غۇرۇرى،
ياتسىرىغان ۋۇجۇدىنى ئەيمپلەپ...

2

بايان قىلاي ئەمدى سىزگە كىتاپخان،
بۇ ئادەمنىڭ ئۆتمىشىدىن ئېچىپ بەت:
... زىنادىدا قىزىلغۇنچە ئېچىلغان،
بىر قىز ئوينار ئىمدى باغدا ھۆر سۈيەت.
ئالمىشاتتى تال – تال ئۆرۈم چاچلىرى،
ئەتىكەندە پۇتلىرىغا چىرمىشىپ.
قول ئۇزاتسا ئۈزەي دەپ ئاق ئالمىنى،
قالار ئىمدى شاخلىرىغا ئىلىنىشىپ.
سەكرەپ چۈشتى شۇ چاغ تامنىڭ شورىدىن،
بىر ياش ئوغۇل بىغەم قىزنى چۆچۈتۈپ.
«رەخمان نېچۈن كىرمىدىڭ باغ ئىشكىدىن،
ئوغرىمۇ سەن؟»، – دېدى ئۇ قىز ئوينۇشۇپ.
«رەيھان مېنى سەن ئوغرى، دەپ تىللىما!»
كەلدى ئوغۇل تەڭلەپ ئاڭا مۇشتىنى.
قاچتى قىزمۇ ئېرىق ئاتلاپ دالدىغا،
باغ ئىچىنى بىر ئالدى شوخ كۈلكىسى.
چاقناپ مېھرى قوي كۆزىدە رەخماننىڭ،
قول ئۇزاتتى قىزنىڭ نازۇك بىلىگە.
كەلدى شۇ چاغ ئاچچىغى بەك رەيھاننىڭ،
يۇمران قولى تەگدى رەخمان تېنىگە.
قويۇۋەتتى يىغلىغاندا ئۈن سېلىپ،
رەخمان قىزنىڭ بەللىرىنى شۇ زامان.

«خاپا بولما» دېدى ئاستا يىلىنىپ،
يا كېتەلمەي يا تۇرالماي پەرىشان.
تەتۈر قاراپ تۇرىۋالدى خۇيلۇنۇپ،
جىنەستىدەك لەۋلىرىنى پۈرۈپ قىز.
دوپپىسىنى توغاچ بىلەن تولدۇرۇپ،
ئېلىپ كەلدى قىز ئالدىغا رەخمان تېز.
گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك دېدى: «يە!»
پىسىڭگىدە كۈلدى رەيھان سۇنۇپ قول...
گاھ ئۇرۇشۇپ، گاھ يارىشىپ ئەسلىدە،
ئۆتەر ئىمدى بۇ ئىككى ياش قىز – ئوغۇل.

× ×

ئۆز شېخىدا بۇ نوتىلار تارتتى بوي،
يەلپۈپ ئىللىق مۇھەببەتنىڭ شامىلى.
قاچۇرار قىز ئۇيقىسىنى شىرىن ئوي،
ناخشا ئېيتسا خوشنىسىنىڭ بالىسى.
ئەمدى شورا ئاتلاپ رەخمان ئۆتەلمەس،
تامغا قاشا ئېتىلگەندۇر تىكەندىن.
ئەمدى رەيھان ئەركىن ئويناپ يۈرەلمەس.
بوشىمايدۇ قولى قاچا – لىگەندىن.
بويسۇنمايدۇ ئىشىق دېگەن ئىرادىگە،
دىدارىغا تەلپۈنەر قىز رەخماننىڭ.
مەنزىرۆيدە چۆمۈپ ئويغا – پىكىرگە،
جامالىنى ئىستەر يىگىت رەيھاننىڭ.
ئاشىق دىللار ئۇلار سۆيگۈ رىشتىنى،
بىر – بىرىگە چۈشكەن مەيتۇن كۆزلەردىن.
ئىزھار قىلار زۇۋان سۈرەي ئىشقىنى،
كۆز نۇرلىرى ئايان قىلغان سۆزلەردىن.
ئۆتەر شۇنداق كۈن ۋە ئايلار تەلمۈرۈپ،
يىگىت – قىزغا، قىز – يىگىتكە يىراقتىن.
قالسا گاھى ئۇلار يولدا ئۇچرىشىپ،
كەلمەس سۆزگە كۆيگەن تىلى يىراقتىن...

× ×

كەتتى يازمۇ كىشىلەرنى تەرلىتىپ،
كەلدى سەمەن باغلىرىغا ئالتۇن كۈز.
چۆكتى بىردىن گۈل قەددىنى ئەرق قىلىپ،

ئاچچىق ھەسرەت دەرياسىغا مەپتۇن كۆز.
... داپ چېلىنىپ كىردىم ئۇستام بېغىدا،
ئاش تارتىلار مېھمانلارغا تۇشمۇ - تۇش.
بولغان تويدىن ئۆلۈم ياخشى رەيھانغا،
ياتار شۇ دەم ھوجرىسىدا ئۇ بىھوش.
جىملە بولۇپ نوقۇپ سۆزلەر ئانىسى:
" جۇۋاينىمەك! نومۇس قىل يۇرت ئالدىدا.
تۇراپ، بىلسەڭ كاتتا باينىڭ بالىسى،
نىمە دەتتۇق سىنى ئۆزى تاللىسا.
خوش - خوش بىلەن دەسلەپ ئەلچى كەلگەندە،
بىلىپ قويغىن! بەرگەن ئاتاڭ رازىلىق.
ئويناپ - كۈلگىن بەختىڭگە سەن يەتكەندە،
تېپىپ بەرمە ، قىزىم، بىزگە خاپىلىق.
بىلىپ قويغىن ! بۇ خۇدانىڭ تەقدىرى،
تاتىشما سەن ئەمدى بەگۋاش رەخمانغا.
يېپىلىپاستىن ئىككىڭنىڭ سۆز - چۆچىگى،
بۇ توي بولۇپ يەتتۇق كۆتكەن ئەرمانغا."
گاھى تىلىدىن بال ئېقىتىپ يالۋۇرۇپ.
گاھى تىللاپ بىگىز بولۇپ سانجىلىپ،
قىلسا ئانا ئاغزى تالىماي نەسىھەت،
ئاڭلىماس قىز ھەر تەرەپكە تاشلىنىپ.
ئاڭلىماس قىز ، ئاشىقىنى ياد ئېتەر،
دېرىزىگە باقار ياشلىق كۆزلىرى....
شۇ تاپ رەخمان ئۆز ئۆيىدە ئۆرتىنەر،
گويا ئوتتەك يېنىپ ئۇنىڭ يۈزلىرى.
ئىرغىپ بىردىن تۇرۇپ كەتتى ئورنىدىن،
توستى ئانا پەرزەنتىنىڭ ئالدىنى.
" جېنىم ئوغلۇم ، ئۆزەڭنى تۇت بۇ ئىشمۇ-
پېشانەڭگە ئول خۇدانىڭ يازغىنى...."
كىرىپ كەلدى ئاتىسىمۇ شۇ چاغدا،
(كەتكەنتى توي نەزىرىسىگە ئۇ ، سەھەر ).
قاراپ تۇرۇپ قالدى بىر پەس ئوغلىغا،
قوشۇمىسى تۈرۈلدىغۇ ، نىمە دەر ؟
قارا چىگىل ساقىلىنى بىر سىلاپ.
ئەيىپلىدى يالغۇز ئوغلى رەخمانىنى.

پەرزەنتىدىن ئالالمىغاچ ھېچ جاۋاپ،
ئاچچىغلىنىپ قويدى مۇنداق سوئالنى:
"نىمانچىلا ئۆڭۈپ كەتتى چىرايىڭ؟
كۆزلىرىڭگە قان تولۇپتۇ ۋەھىمىلىك.
كۆرۈنىدۇ شۇنچە جىددى ئەلپازىڭ،
نىمانچىلا بولۇپ كەتتىڭ قەھرلىك؟
غەزەپتىنمۇ ، قورقۇشتىنمۇ ئېيتقىنا!
نە سەۋەپتىن سەن ئۈنچىقماي تىترەيسەن؟"
" ئەزىز ئاتا تۇز سەپمىگىن يارامىغا-
دىدى يىگىت ، - سەن دەردىمنى بىلمەيسەن.
تىلىم كۆيەر ، ئېيتاي دىسەم مەن ساڭا،
شۇ سەۋەپكى ئايرىلدىمەن بەختىمدىن.
زورلاپ ئېلىپ كەتسە رەقىپ شۇ تاپتا،
ئازمامدىمەن قاراپ تۇرۇپ ئەقلىمدىن؟
بىر ئېلىشاي ! مىنى توسما جان ئاتا ! ...."
رەخمان ماگدى ئىشىك تەرەپكە شۇ زامان.
"ئوغلۇم بولساڭ توختا دەرھال گەپ ئاڭلا!
ئاچچىغىڭغا ھاي بىرىشنى بىل ھامان."
توختىدى ئۇ ، ئاتىسىنىڭ ئاۋازى،
قۇلىغىدا ياڭراپ گۈلدۈر مامىدەك.
بارمىغىنى چىشلەپ يەرگە قارىدى،
تۆكۈلدى ياش كۆزلىرىدىن ئۈنچىدەك.
"بىلسەڭ بالام ، ھايات ئۆزى بىر قىمار،
ئۇتتۇرۇپسەن ، بەدىلىنى تۆلەپسەن.
گۈل ئىگىلىپ قىلسا سىنى ئىختىيار،
سەن ئۆزەلمەي مەجنۇن بولۇپ يۈرۈپسەن.
شۇڭقار ھامان تەڭ كىلەلمەس بۈركۈتكە،
چۈشەن ئوغلۇم ، سەن ئارتۇقچە ئۇرۇنما.
يىگىت بولساڭ بىراۋ ئۈزگەن بىر گۈلگە،
نەزەر سالما ، مەردانە بول ئۈنچۈقما.
بىلگەن ئىدىڭ ئارزۇيۇمنى ، جان ئوغلۇم،
كىتەمىزغۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ھەرەمگە.
بۇگۈن سېنىڭ ئەپئالىڭدىن چۈچۈدۈم! -
يەر قاسايتتىڭ ھاي بەرمەسەم ئۆزەمگە!
ئاتالمىدىم سىلىم نازۇك ، دەپ بىكار،

كۆڭلۈم نازۇك ، نازۇك قىلغان ھۈنىرىدىم.
بىرلەپ يىققان ۋەجەم مېنىڭ خېلى بار،
تويۇڭنى چوڭ ئۆتكۈزۈشتۇر تىلىگىم.
خاتىرجەم بول يىگىت بالام قايغۇرما!
مەن گېپىمدىن يانمىغانمەن ، ياندىيمەن.
باغ ـ ھويلىنى پۇل قىلىپ تىز، يىراقلا-
تىز كېتىمىز ، چەتئەلدە باغ چاپىنايمەن...»
ئاتىسىنىڭ ئېيتقان سۆزى خەنجەردەك،
تەگدى ئۇنىڭ يۈرىكىگە سالدى داغ.
لايىق جاۋاپ تاپالمىدى ئوت يۈرەك،
ئوت يۈرەكنىڭ قات ـ قېتىدا قالدى داغ.
لام ـ جىم دېمەي ئۆز ئۆيىگە كىردى ئۇ،
باقتى ئۈژمە دەرىخىگە ـ بەرگى يوق.
قاخشال شاخنى ئىگىپ ئويغا چۆكتى ئۇ:
«كىشى بارمۇ بۇ دۇنيادا دەردى يوق؟...»
× ×

دەرەخلەرنىڭ ئاچمىغىغا قوندى قار،
تالا ـ تۈزنى قاپلىدى قىش چېچەكى.
رەيھان ئۆيدە مۈڭگۈ چۈمۈپ ئولتۇرار،
ئاچچىق ياشقا تولغان ئىدى ئېتىكى.
چاي قاينىتار مۇزلۇق كۆلدىن سۇ توشۇپ.
تىمىشقىدۇ كەلمەس قېنىپ ئىچكۈسى.
كەشتە ئىشلەر كۆينىكىگە مۈڭلۈنۈپ،
ياراشمىدۇ يوقتۇر ئۇنىڭ كېيگۈسى.
ئۇ، ئاش ئېتەر ئوتتۇن يېرىپ ئوت قالاپ،
كۆڭلى تارتماس يا مانتۇ يا ئۈگرىنى،
ئۇ ، سۇ سېپەر ئۆينى پاكىز تازىلاپ،
لېكىن كەلمەس يايراپ كۈلۈپ يۈرگۈسى.
تىمىنىدۇ ئويلاپ ئاچار ئىشىكنى،
قايتار ، كەلمەي تالا ـ تۈزگە چىققۇسى.
بۇلۇت لەيلەپ يۈرگەن كۆككە ئۇ باقار،
كۆرۈنمەس ھەم چاقناپ بەخت يۇلتۇزى.
شۇ مەنزىرلىك ئۆي تەرەپكە سەھەر ـ كەچ،
باقمىدۇ كېتىپ قالار كۆزلىرى.
«ئاچىز كەلدىم، ئارزۇلىرىم بولدى ھېچ...»

پاتىماس ئۇنىڭ ئىچ ـ باغرىغا سۆزلىرى.
× ×

ئاچچىغلىنار قەيىنى ئانا غۇدۇراپ:
«ئۇۋال قىلدى ئوغلۇمغا بۇ ـ مۇز تەلەت...»
غەزەپلىنەر قاپاق تۈرۈپ ھەم تىۇراپ،
رەيھان باقسا ئاڭا ئوقۇپ مىڭ لەنەت.
تويدىن كېيىن ئۆتتى شۇنداق كۈن ۋە ئاي،
ھەمىشە مەس يۈرەر تۇراپ بەڭ چېكىپ،
قىماردىمۇ پۇل ئۇتتۇرۇپ چىدىماي،
ئۇراتتى ئۇ رەيھاننى ، سەت تىل سېلىپ.
ئويلاپ قىزىپ ئۆز ـ ئۆزىگە دەيتتى ئۇ:
«بىلگەن ئىدىم بۇ خوتۇندا بىر گەپ بار...»
بارا ـ بارا قىزىرىپ قوش كۆزدىمۇ،
كۈندەشلىگى تۇتۇپ بولدى بىقارار.
زىمىستاننىڭ سوغۇق قارا كېچىسى،
يەرگە پىچاق سانجىپ ، دىدى رەيھانغا:
«خوتۇنلارنىڭ چۆپرەندىسى ئېيت قېنى
كۆڭلۈڭ كىمدە، كەلگىن چاپسان زۇۋانغا!»
رەيھان ئوقچۇپ تۇردى شۇئان ئورنىدىن ،
باقتى نەپرەت ياغدۇرۇپ ئۇ غەزەپلىك.
تۈزەپ سۇمبۇل چاچلىرىنى باشقىدىن،
ئۈزۈپ-ئۈزۈپ جاۋاپ بەردى ئەدەپلىك:
«ئاللا بەرگەن كۆڭلۈم شۇئان ئۆزەمدە!
ئۇنى ھېچكىم بۇلغىيالماس ، ئاڭلىغىن!
بىراق ساڭا قارىغان قوش كۆزۈمگە،
تېغىڭنى ئۇر، ئويۇپ ئوتقا تاشلىغىن.
ئىپلاس قولۇڭ تەككەن قۇندۇز چېچىمنى،
بېشىم بىلەن قوشۇپ كەسكىن ھايالسىز.
سۆزۈڭگە سۆز قايتۇرغان بۇ تىلىمنى،
سۇغۇرۇپ ئال، بولاي مەڭگۈ سادىسىز.
ئۇنىڭ ئىشتكەن قولۇغۇمغا مىخنى قاق.
مەن ئاڭلىماي ئاۋازىڭنى خورلىنىپ،
سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىمگە سال پىچاق!
ئالدىڭدا جان بېرەي ئاستا تولغىنىپ.
ساڭا ئاماق ئەتكەن ئىككى قولۇمنى،

ئۈرۈپ سۈندۇر، كۆرسۈن قىزلار، جۇۋانلار.
نەس ئۆيۈڭگە مېڭىپ كەلگەن پۈتۈمنى،
ئۈزۈپ تاشلا ئىبرەت ئالسۇن ئايالار...»
× ×

قىلسا تاشقا بۇ سۆزنى رەيھانگۈل،
تاش ئېرىتى يېتىپ ئۇنىڭ دەردىگە.
بىراق تەسىر قىلمىدى ھېچ كاژ، ،
باغرى تاشتىن قاتتىق تۇراپ قەلبىگە.
ئىت سۆڭەككە تاشلانغاندەك ئېتىلىپ،
ئۇ پىچاقنى ئالدى يەردىن ھايالسىز.
ئارقىسىغا يېنىپ تامغا قىستىلىپ،
قالدى رەيھان ئۆي ئىچىدە ئامالسىز.
دولقۇنلانغان كۆكرىكىگە رەيھاننىڭ،
قەھرى بىلەن ئۇردى تۇراپ پىچاقنى.
بەختى، ئەركى بوغۇلغان ياش جاناننىڭ،
يارا بولغان يۈرىگىدىن قان ئاقتى.
«ئاھ، خۇدا!...»، دەپ يىقىلدى ئۇ شۇ زامان،
تۇردى يەنە تىرەپ يەرگە تىزىنى.
«بىركۈن سېنى قىساس تۇتار بىئىمان...!»
دىدى رەيھان رۇسلاپ زىلۋا بىلىنى.
ئۇ ئالدىغا ئۈزۈتۈپ قوش قولىنى،
چاڭگال سالدى قانخور تۇراپ كۆكسىگە.
ئۆز قېنىغا غەرق بولۇپ ئاھ، يىقىلدى،
سانجىلغاندا پىچاق ئۈستى - ئۈستىگە.
پەيدا بولدى يۇمۇلىغان كۆزىدە،
«نىمە ئۈچۈن؟» دىگەن سوئال بەلگىسى...
شۇتاپ رەخمان نىمە كويدا، قەيەردە،
ئەمدى قايدىن تاپار يارنىڭ ۋەسلىنى؟

3

رەخمان ئىدى شۇ يولۇچى چەت بىلەن،
كېتىۋاتقان كۆزگە سۈرتۈپ خالتىنى.
(بەرگەنتى بۇ مۇساپىرغا خەت بىلەن
ھەيران قىلىپ پۈچتاخانا خادىمى).
نەمخۇش سۆرۈن قاراڭغىز شامىلى،
ئۇرۇلاتتى يۈزلىرىگە غۇيۇلداپ.
ھاياجاندىن باسالماي ئۇ، ئۆزىنى.
يىغلىۋەتتى يول ئۈستىدە بۇقۇلداپ.
گۇيا شەبنەم گۈل بەرگىگە چۈشكەندەك.
تارام - تارام يېشى ئاقتى خالتىغا.
كەلدى شۇئان سايە سالغان ئاق تېرەك.
قەشقەرنىڭ شۇ يېزىسى كۆز ئالدىغا.
كەلدى تۇمەن، ئېقىپ تۇرغان ئۆركەشلەپ،
(چۈمۈلگەنتى ئىشىق ئوتىنى باساي، دەپ.
سۇغارغانتى تېنىق مۇزدەك سۈيىدە،
ئېتىز - باغنى ئىشلەپ ھوسۇل ئالاي، دەپ.
كەلدى ئۆيلەر، دەۋكار ئۇستا ئاتىسى،
نەقىش چېكىپ بۇ تويىدا سوۋغان.
كەلدى بىلەك تالماس ياشلىق چاغلىرى،
گۈل چىقىرىپ قاتتىق تاشنى يونۇغان...
چۈشتى ئۆتمۈش ھالا ئۇنىڭ ئېسىگە،
پەيدا بولدى پال ئېتىپ بىر ئۆز چىراي.
نەچىرايكى، شەيدا قىلغان ھۆسنىگە،
بۇلۇت يېرىپ چىقىپ كەلگەن تولۇن ئاي.
نە تولۇنئاي، بىر زىبا قىز كۆرۈندى.
كۆرۈندىيۇ ئوت كۆزىدىن ئاقتى قان.
گويا شۇ دەم قانغا رەخمان چۈمۈلدى،
ئىچ-ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقتى دەرت-پىغان:
«مەن گۇناھكار ئانا يۇرتۇم ئالدىدا،
سېنى تاشلاپ كەتكىنىم چوڭ جىنايەت.
جۇرئېتىمنى مەن يوقىتىپ شۇ چاغدا.
مۇھەببەتكە قىلدىم ئېغىر خىيانەت...
جان بەرگەنىنىڭ ئادەم ئىتىپ ئۆستۈرۈپ،
ئاقلىيالمىدىم ئەمگەن ھالال سۈتۈڭنى.
تۇز بەرگەنىنىڭ جىسمىمنى سەن كۆتۈرۈپ،
يارىمىدىم كۆتۈرۈشكە يۈكۈڭنى
كۆز بەرگەنىنىڭ جامالىڭغا باقىن، دەپ،
سۆرەلمىدىم گۈزەللىكىنىڭ پەيزىنى.
كۆزۈم ئوچۇق تۇرۇپ ئەما بولدۇم زەپ.
كۆرەلمىدىم سۆيگەن يارىم ۋەسلىنى،
بۇرۇن بەرگەن ئىدىڭ مەندىن بوي ئال، دەپ.

داغدا قالدىم رەيھانىڭغا يېتەلمەي.
ئېغىز ۋە تىل بەرگەن ئىدىلىك ئۈستىلەپ،
يەپ نېمىنىڭنى كەتتىم، رەھمەت دېيەلمەي.
قۇلاق بەرگەن ئىدىلىك سۆزنى ئاڭلا، دەپ.
لېكىن مېنى ئەسىر قىلدى يامان گەپ.
قول بەرگەنتىڭ خالىس، ھالال ئىشلە، دەپ،
بىرەلمىدىم يېرىڭگە تەر تۆكۈپ نەپ.
پۇت بەرگەنتىڭ توغرا يولدا يۈرگىن، دەپ،
مەن ئادىشىپ ياقا يۇرتقا يول ئالدىم.
پۈتۈم بىلەن ئەمەس، بەلكى قەدىرلەپ،
سەندە يۈرەي باش بىلەن، دەپ زارلاندىم.
يۈرەك بەرگەن ئىدىلىك تۇرغان گۈپۈلدەپ،
بېرەلمىدىم مەن يۈرەكلىك ئىش قىلىپ.
ئۆتتى ئۆمرۈم مىۋە بەرمەي چېچەكلەپ،
ۋەھىمە، غەم قورقۇش بىلەن يول بېسىپ.
ئاتا قىلغان ئىدىلىك ماڭا مۇھەببەت،
قالدى كۆڭلۈم قەپىزىگە قامىلىپ.
يۈرۈمەن ئاھ! بېسىپ مېنى شۇم غەپلەت،
مەن ۋەتەنسىز، مۇھەببەتسىز سانىلىپ.
يەتكەن بولسام، يەتكەن بولسام قەدرىگە!
ئۆزۈڭ ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتنىڭ؛
ئايرىلماستىم قۇچىغىڭدىن مەڭگۈگە!
غەرق بولمايتتىم دېڭىزىغا ھەسرەتنىڭ.
ئەگەر شۇ چاغ سەگەك بولسام قۇشۇڭدەك،
تۇرالاتتىم مەن تۇراپقا تاقابىل.
تۇزىمايتتى ئۇ دىلرەبا خۇش پۇرەك،
مەقسىدىگە يېتەلمەيتتى شۇ قاتىل.
ئىرادەمدىن يانغاندىمەن نىمىشقا!؟
بەختىم ئىكەن! قاتىل بولۇپ قامالسام.
ئەي ۋەتىنىم، كىشەن بىلەن باغرىڭدا،
كېچە — كۈندۈز ئىشلەپ ھارماي مەن قالسام.
بەختىم ئىكەن! قانۇن بۇيرۇپ ئۆلۈمگە،
ئۆزەڭ سوققان قىلىچ بىلەن چېپىلسام.
پاك جەسىدىم تۇپا بولۇپ بىر دۆۋە،
ئاش — دان بەرگەن تۇپرىقىڭغا قېتىلسام.

ھېچ بولمىسا شۇ ۋاپادار نىگارىم،
ئۆتەر ئىدى مىڭىپ ئاستا ئۈستۈمدىن.
جەننەت بىلىپ ياتار ئىدىم، شۇ يارىم،
تىككەن كۆچەت ئۈنۈپ چىقسا كۆكسۈمدىن.
ئېزىز ئىلىم سەنسىز زاتىم، ئەقلىمنىڭ،
نە ھاجىتى، نە راھىتى، نە ئەجرى!؟
ۋەتىنىدە ئېرور بايىنىڭ يوقسۇلىنىڭ،
سائادىتى، شاراپىتى، ھۆر بەختى!...»
ئويلاپ تۇرۇپ قاپغان ئىدى باياتىن،
كۆپ — كۆك رىدە غۇلىغا ئۇ يۆلۈنۈپ.
خالتىغا كۆز سېلىپ ئالدى ئىغىر تىن،
ئويغانغاندەك گويا تۇندە چۈش كۆرۈپ.
باش كۆتۈرۈپ ئويلىدى ھەم ئۇ يەنە:
"مىننەتدارمەن سەندىن ئاتا تۇرك ئىلى!
بورانىڭغا ئاچ — يالىڭاچ ئۇچۇرماي.
ئاسرىدىڭ مال — مۈلۈك بېرىپ بەن مېنى.
ماكان بەردىڭ گۈزەل، ئەزىم شەھرىڭدىن،
ئاقتى تېرىم بىلەن يېشىم قويىنۇڭغا.
بايلىق ئاتا قىلدىڭ ماڭا بەھرىڭدىن،
قەرزىڭ كۆپتۇر بۇ ئىگىلگەن بويىنۇمدا.
لېكىن دەسلەپ كۆز ئاچقان بۇ ئالەمگە،
ۋە تىنىمنى ئۇنتالمىدىم سېغىندىم.
ئەي ھۆر دىيار خورلانمىدىم باغرىڭدا،
نىمىشقىدۇر مەن ياتسىراپ قىسىلدىم.
ماگىنىتەك تارتىپ مېنى، مەيلىمگە،
قويمىدى ئۇ ئانا يۇرتۇم — بۆشۈگۈم.
بەلباغلىدىم ساڭا " خوش " دەپ كېتىشكە،
ئۆز ئىلىمدە ئارام تاپقاي ئۆلۈگۈم... "
ماڭدى رەخمان قەدىمنى ئېلىپ تېز،
چوڭ كۆچىدىن قايرىلدى ئۇيان يولغا.
كۆرۈندى ھەم نادامەتتۇ كۆز تىكىپ،
ئاق چاچ بوۋاي يۆلەنگەن كۆك دەرۋازا.

4

سېلىم نازۇك ئىدى دۇمچەك بۇ — بوۋاي،
راھەت ئىزلەپ تاپقان ھەسرەت ئۆزىگە.

Altunoq

يۇرتنى تاشلاپ چىققان باغرى تارتىشماي،
قىرىق يەتتىنچى يىلنىڭ باھار كۈنىدە.
ئەلھال قۇۋۋەت، مادارىدىن ئايرىلىپ،
ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ دۆڭ كۆزلىرى.
ئەمدى ئادەم زەردىسىنى قايىنتىپ،
بۇرۇنقىدەك گۈكىرىمەس سۆزلىرى.
قىراۋ چۈشۈپ شاپ بۇرۇتى ئۈستىگە،
قارا تال – تال ساقىلىمۇ ئاقارغان.
بولاق كۆزى ئېرىق ياساپ كۆزىدە،
قاخشال ۋۇجۇد ئېتىزىغا يامرىغان.
ئۆز ۋاقتىدا ئىزىدىن چاڭ ئۆرلىگەن،
ئاقساپ قاپتۇ پۇتى، ئەمدى ماڭالماس.
نەچچە ئۆينى نەقىش چېكىپ گۈللىگەن،
قوللىرىمۇ تىترەر، قوشۇق تۇتالماس...
بۇ، بوۋاينىڭ كۆزى چۈشۈپ خالتىغا،
ئىڭىشتى يۇ، چۈشتى يانغا يىقىلىپ،
رەخىمان يۈگرەپ كەلدى شۇئان ئالدىغا،
يۆلىدى ئۇ ھەسرەت بىلەن ئېچىنىپ.
ئۆيىدىن چىقتى ئوغۇل ۋە قىز نەۋرىلەر،
ئېلىپ كىردى مېھمانخانا ئىچىگە.
كۆرۈپ قەينى ئاتىسىنى ئاھ ئۇرۇپ،
سۆز كەلمىدى جۇۋان ئانا تىلىگە.
رەخمان ئېلىپ بىر دورىنى پۇراتتى،
سالدى بىر تال ئاتىسىنىڭ ئاغزىغا.
قول – پۇتىنى بوۋاي يىغىپ ئۇزاتتى،
جان كىرگەندەك كەلدى ئاخىر ھوشىغا.

× ×

ئۈچ قەۋەتلىك بۇ ئىمارەت ئۇز ئىدى،
مەر–مەر ئاقتاش بىلەن نەپىس سوۋالغان.
نەقىش چەككەن تۈۋرۈكلىرى تۈز ئىدى،
ھەسەن–ھۈسەن كەبى رەڭدار سىرلانغان.
ئاق پەردىلىك دېرىزىسى، كۆزنىگى،
گۈل – چىمەنلىك باغ تەرەپكە قارايتتى.
پەلەمپەيى، سالاسۇنى، لەمپەسى،
كۆركەملىگى ھەر كىشىگە يارايتتى.

ئوتتۇز يىلنى تىجارەتتە ئۆتكۈزۈپ،
بۇ بىناغا ئىگە بولغان شۇ بوۋاي.
يىلدىن – يىلغا تەمبەل قەددى پۈكۈلۈپ.
بولدى كېسەل بىر سىققىتىن قۇتۇلماي.
بىر ئاسقۇچقا سالۋاتۇماق ئېسىلغان،
ئويچان باقار قىران چاغىن ئەسلىسە،
بىر ئاسقۇچقا قاماتۇماق ئېسىلغان،
يىغلاپ قارار قەدىنازىن ئەسلىسە.
ئۆكۈنۈدۇ ئېسىل زىبۇ – زىننەتلەر،
بارغانسىرى كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ.
رەخىمان بولسا بۇ بايلىقتىن قول ئۈزۈپ،
كەتسەم، دەيدۇ ئۆز ئىلىگە تەلپۈنۈپ...

× ×

شۇ تۈپەيدىن باشقا نەرسە دىلىغا،
سىغماي ياتار بوۋاي مانا كۆز يۇمۇپ.
ئاتا، ئانا، بوۋىسىغا، تۇپىغا،
قارىشىدۇ نەۋرىلەر جىم ئولتۇرۇپ.
" يۆلەڭلەر "، دەپ سىلىم ئاكا تەمشىلىپ،
كۆتەردى ھەم گەۋدىسىنى زورۇقۇپ.
ئوغۇل، كېلىن، بالىلارغا تىكىلىپ،
ئاچتى ئاران كۆزلىرىنى كۈچۈنۈپ.
" مەن ئولتۇرغان ماموق ساپا تېنىمگە،
پاتتى ھەجەپ بالىلىرىم قاخشىتىپ.
تىكىلگەندەك كېسەل تاتلىق جېنىمغا،
قىيىنىماقتا يۈرىكىمنى ئاغرىتىپ.
كۆرۈۋالاي يۇمۇلماستىن كۆزلىرىم،
ئالدىمغا چوڭ داستىخاننى سېلىڭلار.
كۈمۈش ساندۇق ئىچىدە بار بىر تونۇم،
ئېلىپ چىقىپ داستىخانغا يېيىڭلار..."
دېگىنىدەك قىلدى رەخمان بوۋاينىڭ،
سۈكۈت باستى ئازادە ئۆي ئىچىنى.
سوغاردى ئۇ چىشى بىلەن خالتىنىڭ،
چىڭ چىگىلگەن تارىدەك ئاق يىپىنى.
ئاتىسىنىڭ تەلۋىچە تۆكتى ھەم،
ئۇ تەۋەرۈك چەكمەن تونىنىڭ ئۈستىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بوۋاي ئېلىپ سىقىمىغا توپىنى،
سۈردى نۇرى كەتكەن خىرە كۆزىگە.
سۈردى سۇلغۇن يۈزى، ياغاق باغرىغا،
شۈكرى ئېيتىپ دۇئا ئوقۇپ، ياش تۆكۈپ.
بىر چىمدىمنى سالدى بەتتام ئاغزىغا،
سۆز باشلىدى توپىنى ئۇ كۆرسىتىپ:
" باللىرىم، بىلەمسىلەر بۇ توپا،
ئۆز يۇرتىمىز قىيدىم قەشقەر توپىسى.
ئەۋەتىپتۇ تەلۋىگە يارىشا،
زىرەك قىزىم — رەخمانجاننىڭ ئاچىسى.
ئۇ ئېقىللىق بالام ئىكەن چۈشەندىم،
قالغان ئىدى كۆزى قىيماي يۇرتىغا.
ئاچچىغلىنىپ مەن شۇچاغدا دېگەنتىم:
— قان يۇتسەن قىزىم پۇشمان ئورنىدا...
يىراق قانى ئۇ ئەمەس دەل مەن يۇتتۇم.
ئارزۇيۇمدەك باي بولغىنىم قۇرۇسۇن!
بۇ دەۋلەتتە كېچە — كۈندۈز قورۇندۇم،
ئەمدى دەيمەن تاپقان پۇلۇم تۇزۇسۇن!
قاخشال تەندە كۈچۈم، ئەقلىم قالمىدى،
قۇتقۇزالماس مېنى ئالتۇن، مال — مۈلۈك.
ئۇلۇغ ئىكەن ئانا ۋەتەن سۆيگۈسى!
پۇشمان بىلەن ئۆتتى ئۆمرۈم، دىل ئۈزۈك.
باغدات، تېھران، پارىژ، رىمغا باردىمەن،
ئوخشاتمىدىم ۋەتىنىمگە — باياشات.
توكيودىمۇ يۇرتقا نەزەرسالدىم مەن،
ئاھ! كۆرەلمەي، چەكتىم ھەسرەت ئۆمۈرۋات.
كىتەردىمدە ئۇدۇنىياغا ئەرماندا،
ۋەتىنىمنىڭ توپىسىنى كۆردۈمەن.
باللىرىم بىباھادۇر بۇ توپا!
تۇتىيا، دەپ كۆزلىرىمگە سۈردۈمەن.
بۇ توپىنى سېلىپ بىزگە ئەۋەتكەن،
بوز خالتىدا ئېگىلىمنى چېتىڭلار،
مەن قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن بوز چەكمەن،
تونۇمنىمۇ جىنازامغا يېپىڭلار.
ئىخلاس توپام① بولسۇن مۇشۇ توپىدىن.
ياتاي گوردا قەشقىرىمدىن بوي ئېلىپ.
غېرىپ قەۋرەم بۇ توپىدا سۇۋالسۇن،
قالمىغاي ئاھ، تېنىم بۇندا ئېچىلىپ.
زايا قىلماي بۇ توپىدا بىر تۈپ گۈل،
ئۈندۈرىڭلار چاچسۇن پۇراق قەۋرەمگە.
قەۋرەم ئۆزرە بۇ سۆزۈمنى يېزىڭلار:
— تەر تۆكۈڭلار قايتىپ ئانا ۋەتەنگە!
كۆرەلمىدىم بۈگۈنكى ھۆر چېغىنى،
سىلەر كۆرۈپ مۇرات تېپىپ كۈكلەڭلار.
كۆرەلمىدىم ياشنىغان گۈل بېغىنى،
سىلەر كۆرۈپ، شەرۋەت ئىچىپ گۈللەڭلار.
ئەلۋىدا جان باللىرىم ھەم ئەلۋىدا!
بۇ سۆزۈمنى ئۇنۇتماڭلار ھېچقاچان.
ئوغۇل — قىزىم، قانا تلىرىم ئەلۋىدا!
ئەلۋىدا ئەي ئېزىز ۋەتەن — جان ماكان!...»
بوۋاي توختاپ شۇ توپىغا قويدى باش.
ئاھ، چىكىپلا پەسلەپ كەتتى تىنىقى،
"جان ئاتام..." دەپ رەخمان سەلدەك تۆكتى ياش
چايقالغاندا قارا دېڭىز قىرغىقى...

## خاتىمە

كۆكنى تىرەپ تۇرار پەشتاق — گۈمبەزلەر،
ھەيۋەتلىكتۇر سۇلتانلارنىڭ مازارى.
يالغۇز قەۋرە كۆرىنىدۇ بىر چەتتە،
يەلپۈنىدۇ گۈل غۇنچىسى — گۈلتاجى.
بۇ سۆز چاقنار ئوك بېشىدا قەۋرىنىڭ:
" تەر تۆكۈڭلار قايتىپ ئانا ۋەتەنگە!،
بۇ سۆز چاقنار سول بېشىدا قەۋرىنىڭ:
" سىز قورۇنماڭ قايتتۇق ئاتا، ۋەتەنگە!»

1984 - يىلى 1 - ، 5 - ئاي قەشقەر

---

① ئىخلاس توپا — گوردا قويۇلۇپ بولغان جەسەتنىڭ ئۈستىگە چېچىلىدىغان دىمىدە توپا.

# ئىككى شېئىر

( بەدىھە ) *

ئا . ئۆتكۈر

## ئەسسالام، ئەي قەشقىرىم

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دىلرەبا بوستان دىيار،
نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، تىللاردا كۆپ داستان دىيار،
تا قەدىم رۇم ئەھلىنى رەشك ئوتىدا كۆيدۈرۈپ،
شەرق ئېلىنىڭ ئىپتىخارى، شۆھرىتى بولغان دىيار،
سۆيگىلى كەلدىم سېنىڭ ئالتۇن بوسۇغاڭنى بۈگۈن،
ئاچ ماڭا قوينۇڭنى ئەي قەلبىمگە ئوت سالغان دىيار!
ۋەسلىڭە مۇشتاق كۆڭۈل ھەم كۆزلىرىم تاپقاي ئارام،
بىر كۆرۈپ ھۆسنىڭنى مەن ئەي دەردىمە دەرمان دىيار.
ئاق سۈتىڭدەك ئاپپاق ئايدىڭ كېچە، يا ئاخشاملىرى،
بىر كىزەي تۈمەن بويىنى، جانغا جان قوشقان دىيار.
كۆكتە يۇلتۇز، سۇدا قۇندۇز جىلۋىلەر قىلغان چېغى،
ئاڭلايمەن نەيدىن خوشال، ئازات سادالار، جان دىيار.
ئاڭلايمەن مەن يېڭى كۈي، يېڭى مۇقاملار ئەۋجىنى،
تاڭ باھار مەۋسۇمىدە ئەي گۈل - چېچەك ئاتقان دىيار.
كۈيلىمەس بەلكى راۋابىڭ ئەمدى ھەسرەت - قايغۇنى،
چۈن يارىتىڭ ئۆز قولۇڭدا يېڭى بىر دەۋران، دىيار.
بىر زامان، تەڭ يىغلىدۇق زۇلمەت كېچەڭدە ئىككىمىز،
ئەمدى تاڭ - سۈبھىڭ بىلەن كۈلسەم نىمە ئارمان، دىيار.
ئەسسالام ۋە ئەسسالام، ئەي جانىجانىم قەشقىرىم،
بەر يەنە ئىلھام، يازاي شەنىڭگە بىر داستان، دىيار!

1984 - يىلى 15 - ئاۋغۇست، قەشقەر

* بەدىھە — بىرەر نەرسىدىن تەسىرلىنىش مەنىسىدە تېز يېزىلغان شېئىر.

## قەشقەر گۆزىلىگە

بىر قاراپ سېھرىڭ بىلەن سەن يۈمۈۋالدىڭمۇ مېنى،
ئۆرۈم - ئۆرۈم چاچلىرىڭغا ئورىۋالدىڭمۇ مېنى.
ھۆر ئىدىم چۆلدە كېيىكتەك، كۆزلىرىڭ كورمەستە مەن،
كىرپىكىڭنى ئوق قىلىپ سەن ئىلىۋالدىڭمۇ مېنى.
ھېچ كىتەلمەيمەن قېشىڭدىن يۆگىلىپ قالغان كەبى،
پۇتلىرىمدىن يۆگۈمەچتەك يۆگىۋالدىڭمۇ مېنى.
باۋۇجۇت بولدى ئەسىر، ئەقلۇ - خىيالىم بەندۇ - بەند،
شۇ قارا خالىڭ ئىچىگە يۇغرىۋالدىڭمۇ مېنى.
مۇكچۇيۇپ قالدى بىلىم، پۇت - قوللۇرۇمنى ئەۋرىشىم،
تالى مەجنۇندەك ئۆزۈڭگە ئىگىۋالدىڭمۇ مېنى.
كەچ شەپەق كۆلگەن چېغى ناخشاڭ بىلەن بىللە قوشۇپ،
تارلىرىڭنىڭ رىشتىسىگە ئىگىرىۋالدىڭمۇ مېنى.
ياھەرەم، ياھورۇ پەيكەردىن تامايىم قالمىدى،
تىل تۇمارىڭ قاتلىرىغا تۈگىۋالدىڭمۇ مېنى.
مۇپتىلالىق بولدى قىسمەت ماڭا ئەمدى بىر ئۆمۈر،
ئەي نىگار، تەقدىر قازادىن سورىۋالدىڭمۇ مېنى.

1984- يىل 16- ئاۋغۇست قەشقەر

# ئىككى شېئىر

ئالىم مەخمۇت

## ئوپال قىزىغا

- قارا قاشلىرىڭنىڭ خالى بولسام مەيلىمۇ،
مەجنۇنتالدەك چاچلىرىڭنىڭ تالى بولسام مەيلىمۇ.
كۆزلىرىڭ ئاھۇ - كېيىكتەك، چىشلىرىڭ مارجان كەبى،
لەۋلىرىڭنىڭ تەمىگە تەم - بالى بولسام مەيلىمۇ.
قىزغىنارمەن لالە بەگلىغ يۈزلىرىڭنى ئۆپسە شامال،
نۇش زىناغىڭ ئارىسىغا ساقى بولسام مەيلىمۇ.
ئەۋرىشىمدەك بەللىرىڭگە يۆگۈمەچتەك چىرمىشىپ،
يۈرىگىڭنىڭ جۆرىسى - ۋىسالى بولسام مەيلىمۇ.

تۇغما زىلۋا بويلىرىڭغا تەلمۈرۈپمەن ھەر زامان،
چەشمە زۇلال سۇلىرىڭنىڭ جامى بولسام مەيلىمۇ.
ھاي-ھاي تېرەكسايىسىدا قىلدىڭ مەپتۇن سەن مېنى،
چاك يۈرەگىم ساڭا تالىق ، باقى بولسام مەيلىمۇ.
ئەجرە قىپسەن شۇ بوۋام ياتقان ماكاندا كۆپ ئۇزاق،
ۋاپادارلىق مېھنىتىڭ قۇربانى بولسام مەيلىمۇ.

1984 - يىل، ئاۋغۇست - ئوپال

## قەشقەر ھەققىدە رۇبائىلار

ئۆمرۈمدە كۆرگەنمەن شۇنچە كۆپ جاينى ،
كۆرمىدۇم سېنىڭدەك ئىللىق چىرايىنى .
تەڭ قىلماس ھېچ يەرگە مېنىڭ بۇ كۆڭلۈم ،
سېنىڭدەك ئەزىزان ، ھۆر تۇلۇنئايىنى .

× ×

قەشقەردەپ نامىڭ بار زەپمۇ يېقىملىق ،
مۇھەمۇتىنىڭ چىراغى سەندە يېقىلغلىق .
قەدىمدىن جاھانغا تونۇلۇپ كەلگەن ،
ئۇيغۇرنىڭ تارىخى ساڭا چېتىلغلىق .

× ×

نە ئۈچۈن چەتئەلدە ئۇيغۇر ئەرلىرى ،
ئىسمىنىڭ كەينىگە يازار «قەشقەرى» ؟
ۋەتەنگە تەلپۈنگەچ ئۇلارنىڭ قەلبى ،
دىمەكچى : " زاتىمىز شىنجاڭ ئۇيغۇرى".

× ×

«قەشقەر»نىڭ مەنىسى «ئۇيغۇر»مۇ ئەمەس،
لېكىن ئۇ باغلانغان شۇنچە چەمبەر چەس .
جاھان سورۇنىدا يوقلىما قىلىپ ،
«قەشقەرى !» - دېيىلسە ئۇيغۇر تۇرار دەس.

## ۋەتەنگە

ئابدۇسەمەت خېلىل

مېھرى ئىللىق باھارىم ۋەتەن ،
سۆيگۈنۈمسەن نىگارىم ۋەتەن .
پەرۋانەڭمەن ئىشقىڭدا كۆيگەن ،
تېنىمگە كۈچ ، مادارىم ۋەتەن .

تىلىغا ئالسام قۇتلۇق نامىڭنى ،
ھۆرمىتىڭدىن سۆيۈنەر جېنىم ،
دىل شاتلىغىم تېشىپ بۇلاقتەك ،
تومۇرۇمدا جۇش ئۇرار قېنىم .

ئالەمدە يوق سەندەك گۈزەل جاي ،
سەندىن خىجىل قوياش بىلەن ئاي .
جەننەت كەبى تۈيۈلار ماڭا ،
بېغىڭ تۈگۈل سەندىكى چۆل ، ساي .

باغلاندى چىلىڭ ساڭا دىل رىشتەم ،
سەن ئۈچۈن ئوت - يالقۇندۇر ئىشقىم .
شەپقىتىڭدىن ئېلىپ كۈچ - قۇۋۋەت ،
كاڭ -، پولاتقا ئايلاندى جىسمىم .

بەختلىك مەن سەندە ۋەتىنىم ،
نېمىتىڭ كۆپ ، قوينۇڭ بولغاچ كەڭ .
ھاياتىمنى - ئۆمرۈمنى ئاتاپ ،
كۈللەي سېنى قىلىپ كۆرەش - جەڭ .

قارارىم شۇ دىلدىكى مېنىڭ ،
جەزمەن رازى قىلىمەن سېنى .
ئۆز بۇرچۇمنى قىلىسام ئادا ،
سەنمۇ ئوغلۇم دىمەيگىن مېنى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


AltunOq

# ئانا ـ ۋەتەن

( قەسىدە )

هامىد مەھمۇدى

## 1

سېغىندىم مەن سېنى چوڭقۇر يۈرەكتىن ئى ، ئاناجانىم :
ئانا ـ دېسەم كېتەر ئۇيناپ تومۇرلاردا قىزىل قانىم···
تۇغۇپ سەن چوڭ قىلىپ قوشتۇڭ قاتارغا مىڭ مۇشەققەتتە ،
ئۇنۇتمايمەن شۇڭا ھەر جايدا بولسام ئى ، قەدىردانىم !
«ئانادەك مېھرىبان قايدا ؟ ئانادەك غەمگۇزار قايدا ؟···»
دېيان دۇنيانى كەزسەم يوق سېنىڭدەك كاتتا غەمخانىم !
ئانا ـ دېسە جاھاندا مېھرىدىن كۆيمەيدىغان كىم بار ؟
پەلەكنى قاپلىغاي ئۆچمەس ئوتتۇڭدىن ئاغۇ ـ ئەپغانىم···
بوۋاق چاغدىنلا ئاپپاق سۈت بىلەن سىڭگەچ سېنىڭ مېھرىڭ،
ئانا ـ دېسەم شۇئان ئۆرلەپ ، بېسىلمايدۇ ھاياجانىم ! ...
ئانا ـ دېسەم يېپىلغاي دىللىرىم ئاق شايىدەك ھەر يان···
ئانا ـ دېسەم باھارغا ئايلىنور كۆكلۈل زىمىستانىم !
كۆكلۈل باغىمدا ئاچىلغاي ئانالىق يالقۇنۇڭدىن گۈل!···
بۇ گۈلزارنى سەيىر ئەتسەم قاچار قايغۇ ـ پەرىشانىم.
ئۆزۈمنى ھەرمىنۇت ـ ھەر بىر سىكۇنتتا نەچچە ئۆلچەيمەن···
سېنىڭ ھەر بىر سۆزۈڭ بولغاي مېنىڭكى توغرا مىزانىم!
ـــ بالام بول مەڭگۈ ۋىجدانلىق! ـ دېگەن ئەردىڭ قوشۇپ ھەتتا،
شۇڭا بۇلغانمىدى، بۇلغانمىغاي ئوتلۇق بۇ ۋىجدانىم!
ـــ بالام بولغىن ۋەتەنپەرۋەر! ـ دېگەن ئەردىڭ يانا ھەرئان،
بۇ يالقۇنلۇق خىتابىڭدىن يېزىلدى ئۇشبۇ داستانىم!
قىلىپ ئەردىڭ بۇ باتىلىق بولمىقىمنى ھەممىدىن تەكىد.
ئۈزۈلمەيدۇ يېرىم يولدا مېنىڭكى ئەھدى ـ پەيمانىم!
يۈرەكىم خۇددى مىڭ ۋاتلىق چىراغدۇر شۇل سۆزۈڭ بىرلە،

يورۇتقايكى، كۆڭۈل سەھنەمنى كۈندەك ئۈشبۇ نۇرانىم!
ئانا! مەن تەربىيەڭنى بوشقا كەتكۈزمەيمەن ھېچ ۋاقتا،
يولۇڭنى قانچە ماڭسامۇ ئۈزۈلمەس قىلچە دەرمانىم.
مۇبادا دۇچ كېلىپ قالسام جاپالىق تاغ - داۋانلارغا،
ئېشىپ مەنزىلگە يەتكۈنچە بىلىنمەس بەلكى ھارغانىم!
ئېسىمدىن زادى كەتمەيدۇ بوۋاق چاغىم - ئۇماق چاغىم،
بۆشۈكتە سۈت ئىمىپ "ئەللەي" ئىچىدە بەلكى ياتقانىم...
يۇدۇپ بارسام ھەرەمگە، شۇندىمۇ بەلكى قالۇر ھەققىڭ،
ئېغىر كەلمەس مۇشەققەتلىك قىيىن يوللاردا ماڭغانىم...
ھەقىقەت ھەمدە تارىخ ئالدىدا مۇتلەق گۇناھىم يوق،
گوۋا بولغاي مېنىڭ باسقان ئىزىمغا بەلكى سۇبھانىم!
لېكىن ئاپپاق سۈتىڭنىڭ ئالدىدا ئوغلۇڭ خىجالەتتۇر،
سېنى رازى قىلىشتا چۈنكى بارغۇ بەزى نۇقسانىم...
جېنىم تەندە ئامان بولسا يۇيارمەن ئۈشبۇ نۇقسانىنى،
"تەسەددۇق!" سەن ئۈچۈن بارلىق كۈچۈمدىن يۈزدە توقسانىم.

2

سېنىڭ نامىڭ ئانامنىڭ نامىغا چىن مەئنىداش بولغاچ،
ۋەتەن دىسەم كۆز ئالدىمغا كېلۇر بىر باغى - بوستانىم!...
ئەگەر ابولغاندىمەن گويا سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
ئەمەسمۇ مەن ئۈچۈن سەن ئاچىلىپ تۇرغان گۈلۈستانىم!
قىزىل گۈلگە بولۇپ رەڭداش تۆكۈلگەچكە قېنىم مۇندا،
تۇيۇلغاي بۇ مۇقەددەس جاي مېنىڭ پىر دەۋىسى، ئەدنانىم!
سېنىڭ ھەتتاكى بىر چىمدىم توپاڭمۇ تۇتىيا كۆزگە،
بولۇر ھەتتا قۇمۇڭنىڭ دانىسىمۇ مىسلى دۇردانىم.
يورۇپ تۇرغاي پۈتۈن قەلبىم - دىلىممۇ سەن بىلەن ھەردەم،
ماڭا سەن كۈندۈزى كۈن، ئاخشىمى ئاي، تاڭدا چولپانىم!
سېنىڭسىز شامى يوق گوياكى بىر پانۇس بولۇرگەۋدەم
سەۋەپ سەندىن مىنۇتلام ئاجرىسام گوياكى يوق جانىم!
قىلىپ بۇ چاغدا بىر ھەسرەت - نادامەت تىغلىرى تەننى،
ۋۇجۇددىنى تامامەن كۈل قىلىپ تاشلاركى ھىجرانىم...
يۇرايدۇ ئەتره - ئەنبەردەك يىراقتىن بەشكىرەم باغى...
ئەمەسمۇ ئۇ مېنىڭكى ئەسلى " خان ئۆي " بار ئەزىزانىم!
يۇسۇپ خاس... ھەمدە مەخمۇد قەشقەرىنى ئىزلىسەم ھەتتا،
گوۋا - شاھىد بولۇپ تۇرغاي، ئەنە ئاتۇشتا سۇلتانىم!

" سۇرۇپ سۇرئەتتە تارىخ چەرخىنى سەن ئالغا ئىلگىرلە... "
دىبان ئۈستۈمگە تاغدەك يۈك ۋەزىپە ئارتتى دەۋرانىم!
پۈتۈن ئۆمرۈمنى سەرپ ئەتسەم ۋەتەن قەرزىڭ ئادا بولماس
ئادا قىلماق ئۈچۈن بەلكى تۇغۇلدى ئەمدى ئىمكانىم.
بۈگۈن تۆتتە زامانلاشماق ئۈچۈن پەنگە يۈرۈش قىلدۇق،
ئىرىشتۈرگەي سائادەتكە ۋەتەننى ئىلمى ـ ئىرپانىم.
ۋەتەن سۆيمەس بىلىملىكتىن ئۆزۈمنى تارتىمەن چەتكە،
ۋەتەنپەرۋەر يىگىتلەر ھەر قاچان داستاندا مېھمانىم!
بوشاشمايمەن ۋەتەنگە باغلىغان تاغدەك ئىرادەمدىن،
ئەگەر يەر تەۋرىسە، ھىچ تەۋرىمەس مەۋقەيى مەيدانىم!
ۋەتەن گويا چىراق بولسا، بولۇپمەن خۇددى پەرۋانە،
ئۇ كۆنمەيمەن پەقەت، ھەتتا كۆيۈپ كۈل بولسا جىسمانىم.
لېكىن بىھۇدە كۈل بولماقنى ئەسلا خالىماس كۆڭلۈم،
ئۆمىتۋارلىق ئىچىدە توختىماس بۇ ئىشقى جەۋلانىم!...
ئانام سۈت بىرلە سىڭدۈرگەن " ۋەتەنپەرۋەر " دىگەن روھنى!
ئانام ئۆلگەندىمۇ، ئۆلمەيدۇ مەنگۇ ئۇشبۇ ماكانىم.
ماڭا ئەڭ مېھرىباندۇر جان ئانامدىنمۇ ـ ئانا تۇپراق،
شۇڭا مەن قەدىرلەيمەنكى، ھامان ئۈستۈن قويۇپ دائىم!...
لېكىن ياشلىق باھارىمنىڭ تېگى بىھۇدە كەتكەچكە.
مۇجۇيدۇ يۈرىگىمنى دىلدىكى ھەسرەت ۋە پۇشمانىم...
بىراق، شۇنداقتىمۇ ئۆچمەس ئۈمىتىمنىڭ چىرىغى مەندە،
ئاشار ئاخىر ئەمەلگە كۆزلىگەن كۆڭلۈمدىكى سانىم!

3

تەبەسسۇم كۆز بىلەن جىلۋە قىلاتتى كۆكتە ئاي چولپان...
ئۇنىڭغا تەلپۈنەتتى بارچە بىدار ئەھلى ئىنسانىم.
قارايتتىم، زادى قانمايتتىم،... ئۇنىڭ گۈل ھۆسنىگە مەنمۇ،
بىلىنمەيتتى كۆزۈمگە تاغ ـ داۋاننى قانچە ئاشقانىم!
قىلىپ سەييارە بۇ تاڭ ئەلچىسى باشىمغا تىكلەشتى...
قۇياشمۇ يالتىراپ چىقتى، سوزۇلدى كەڭرى ئاسمانىم.
كۈمۈش ئۈستى، تىگى ئالتۇن، ئېتەكى پارلىغان يالقۇن ...
مېنى جەلپ قىلدى ئۆزگە ھۆر گۈزەل مەغرۇر تىيانشانىم !
ئېچىلغان غوزىلارنىڭ تەھتىگە مۆككەن چىكىتلاردەك ،
ياتار قار ئاستىدا بۇغدىغا ئۇخشاش گاۋھەرى كانىم ...
چىكىت چىغىرىق بىلەن تاشلاپ لىباسىن يەركە چۈشكەندەك ،

ئېچىلغاي ئاقشۇەت مۇز ـ قار تېگىدىن ئۇشبۇ پىنھانىم ···
سەھەر پەيزى ساباسىدا ئېگىز بۇغدىغا ياماشتىم،
ھاياجانلار ئارا ئاقتى كۆزۈمدىن ئۇنچە مارجانىم ···
يۈرەك تەشنالىقىم شەربەت كۆلۈكىدىن سۇ ئىچىپ قاندى،
تۆكۈلگەن ياشلىرىمدىن ئۇلغۇيۇپ، ئۇ بولدى ئۆكيانىم.
قۇيۇلغان ئۆپكىدەك ـ ئۆپكەم ئىسسىلدى ساپ ھاۋايىدىن.
يېرىپ تۇردى دىماقنى خۇش پۇراقلىق لالە ـ رەيھانىم ···
چىقىپ ئەڭ چوققىغا ئەتراپ ئېتىزلەرگە نەزەر سالسام،
تراكتۇر، كومبايىنلار ھەيدىبەكتە ئىشچى ـ دىخانىم ···
تۇراتتى يالتىراپ گوياكى مەرۋايىت ـ سەدەپلەردەك ···
ئەشۇ بۇغدا بىلەن بويلار تالاشقان قانچە خىرمانىم!
ئېقىپ تۇرغاي گۈزەل باغرىڭدا گويا ھەۋزى كاۋسەردەك···
ئەجەپ دۆلقۇنلاپ ـ ئۆركەشلىنىپ تارىم، زەرەپشانىم!
يېشىل يايلاقلىرىڭدا باش كۆتەرمەي ئوتلۇشۇپ يۈرگەي،
مىسال ساينىڭ تېشىدەك سان ـ ساناقسىز چارۋا ھايۋانىم···
«پۈتۈن تۆرت پەسلىدە قىش ـ ياز دىمەي قارىغاي كەبى كۆكلە!»
دىبان ئىلھام بېرىپ تۇرغاي كۆرۈنگەن بارچە ئورمانىم···
ساما تۈرۈكلىرىدەك مىڭلىغان تۇرخۇن كۆتەرگەي قەد!
جاراڭلاپ ستانوك، ماڭغاي گۈرۈلدەپ زاۋۇت ـ كارخانىم···
بۇ چاغ ئۇچتى تۆمۈر قۇشلار بېشىمدا ئايلىنىپ مەغرۇر،
ئۇنى تېز قىلدى جەلپ، بەلكى قولۇم شىلتاپ ئۇزاتقانىم!···
تۆۋەنگە قارىسام پويىز، ماشىنا بەسلىشىپ ئۇچقاي···
توشۇيدۇ يۈكلىرىنى توختىماستىن يولدا كارۋانىم.
بىكار تۇرغان خالايىقنى پەقەت ئۇچراتمىدىم يولدا،
«ۋەتەن!» دەپ ئىشلىگەي ھەر ساھەدە ئىشچان ـ تىرىشچانىم!
جاھانغا ياڭرىتىپ سەنئەتتە ئون ئىككى مۇقامىمنى،
كۆرەشچان كۈيلىرىنى ـ كۈيلىمەكتە كەڭ غەزەلخانىم!···
ئاجايىپ ھەم غارايىپ موجىزاتلارنى كۆرۈپ مۇندا،
بىلىندى مەن ئۈچۈن گويا، ئۇپۇقلار كىنو ئېكرانىم···
شۇ بۇ ئېكرانغا چۈشكەن بارچە ئوبرازلەرنى يازماققا،
قەلەمىم تەۋرىسە مىڭ كۈن، تۈگىمەس بەلكى جەريانىم.

4

مىسال: جەننەتنى كۆردۈم، ئۆز كۆزۈم بىرلە بۈگۈن گويا،
مېنى جەلپ قىلدى ئۆزىگە بىر پەرىزات ھۆرى غۇلمانىم!
يۈزى توغاچ، لىۋى ياقۇت، كۆزى ئاھۇ، چېچى سۇمبۇل···

www.uyghurkitap.com



كۆرۈپلا " ئاھ! " دېدىم، بولدى " ۋەتەن " دەردىگە لوقمانىم.
دىمەك بۇ چاغ " ۋەتەن ئىشقى " كېلىپ يار ئىشقىدىن غالىپ!
ئۆزىنى ئۇرمىدى مۇنداق كىچىك ئوتلارگە پەرۋانىم ...
" ۋەتەن! " دەپ سوقتى بۇ چاغدا يۈرۈكىم جۇش ئۇرۇپ ھەردەم،
كۆڭۈلنىڭ مەيلىنى توستى خىتابىم، ئەمرى - پەرمانىم!
" كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ، كۆڭۈل ھەر جايغا باشلايدۇ،
سەمەرقان ئالمىسىدەك ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ... "
دىگەن خەلقىنىڭ قوشاقى دەرماھال ئەسكە چۈشۈپ بۇ چاغ،
ئەگەر ئۇ بولسا بىلقىس، تاتىمدى كۆڭۈل سۇلەيمانىم!...
ۋە ياكى بولمۇدۇم بىر لەيلىنىڭ ئىشقىدىكى مەجنۇن...
پەقەت كەلمەسكە كەتتى، بولدى مەغلۇپ ئىشقى شەيتانىم.
" ۋەتەن خەلق ھەممىدىن ئەلا!" دىگەن ئوتلۇق شۇئار بۇچاغ،
ماڭا بولدى پۈتۈن مەپكۇرەۋى جەڭدە قوماندانىم!
ۋەتەننىڭ ئىشقىغا دۇنيادا تەڭداش ئىشقىيات يوقكەن،
ئەشۇ ئىشىق ئەھلىدىن بولماق مېنىڭ زور شانى ئۇنۋانىم!
بۈگۈن چوڭ پەخىرلەنگەيمەن ئۇلۇغۋار شۇ ئېلىم بىرلە،
ۋەتەننىڭ شۆھرىتى ھەر چاغ مېنىڭكى ئەڭ شەرەپ شانىم!
جاھاندا بەلكى ئارمانسىز كىشى ئۆتكەنمىدۇ زادى؟
ۋەتەن يولىدا جان بەرسەم مېنىڭ قالمايتتى ئارمانىم!
ماڭا ئۇ چاغ ئۆلۈم بولماي ۋە بەلكى بىر تويۇم بولغاي،
چېلىنغاي بەلكى ماتەم سازىنىڭ ئورنىغا شادىيانىم!!
تۆرەلدىم ئەسلىدە سەندىن، يەنە ئەسلىمگە قايتارمەن،
شۇ چاغ قوينۇڭغا ئالغاندا دىگەيسەن "كەل ئى قۇربانىم..."
مۇيەسسەر بولغىنىدا بۇ شەرەپلىك بىر ئۆلۈمگە مەن،
ئەبەت گۈللەرگە پۈركەنگەي مېنىڭ ياتقان گۈرىستانىم!
"ۋەتەن پەرۋانىسى" كۆيگەي ۋەتەننىڭ ئىشقىدا دائىم
مۇرادىم ھاسىلىغا ھەر قاچاندا كامىل ئىمانىم!

ئالتۇن كۆزدە تاۋلىنىپ كۆلدى سانسىز گۈل - غۇنچە
پەرۋاز ئەيلەپ بۇلبۇللار تۆكتى ئىسسىق دۇر - ئۈنچە

# ژورنىلىمىز قەلەمكەشلەر ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى

گېزىت - ژورنال باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش، ئەدەبىيات - سەنئەتنى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن ژورنىلىمىز 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرىدە قەلەمكەشلەر ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

يىغىنغا شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن پىشقەدەم يازغۇچى ۋە شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يازغۇچى قەييۇم تۇردى، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئابلىز ئاتاۋۇللا، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئالىم مەخمۇت، «تارىم» ژورنىلىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىرى، يازغۇچى ئەخەت تۇردى، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، پىشقەدەم شائىر مۇھەممەت رېھىم، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن خوجا ئابدۇللا ۋە ھۆرنىسا، «بۇلاق» ژورنىلىدىن نىجات مۇخلىس، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژورنىلىدىن ئەخمەت ئىمىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات پاكولتېتىنىڭ لېكتورى، شائىر بۇغدا ئابدۇللا، «شىنجاڭ مائارىپى» ژورنىلىدىن سادىر سادىرى، «ئىلى دەرياسى» ژورنىلىدىن مۆمىن مۇھەممەدى، «قارىماي ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژورنىلىدىن ئالماس ئالماس، «ئاقسۇ - ئەدەبىياتى» ژورنىلىدىن تۇنىياز مەتنىياز، «ئاتۇش ئەدەبىياتى» ژورنىلىدىن نەسرۇللا ئابلەت قاتارلىق يولداشلار ۋە ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن يازغۇچى، شائىر، ئەدەبىي ھەۋەسكارلار ۋەكىللىرى بولۇپ جەمئىي 45 كىشى تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى.

يىغىندا «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ 10 يىلدىن بۇيانقى مۇساپىسى ئەسلەپ ئۆتۈلۈپ، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ۋەكىللەر مۇنداق دېيىشتى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» — قەشقەرنىڭ مىللىي خۇسۇسىيەت ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە، تارىخ، قەدىمقى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ۋە ئەدەبىي مىراسلارنى خەلققە تونۇشتۇرۇشتا ھەمدە ئەدەبىي

www.uyghurkitap.com



ئىجادىيەتچىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش — تەشكىللەشتە؛ 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئادەم، يېڭى ئىش، يېڭى خىسلەتلەرنى تەشۋىق قىلىش — مەدەنىيلەشتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى. ژورنالدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتى تەدرىجى ئۆستۈرۈلۈپ، سەھىپە، ئىستونلار رەڭدار، جەلپ قىلارلىق قىلىنىپ، مەزمۇنى بېيىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى قىزغىن تالىشىپ ئوقۇيدىغان، مەملىكەت بويىچە ئوچۇق تارقىتىلىدىغان ژورنالغا ئايلاندى.

يېقىندا يەنە ھەر قايسى ژورنال، نەشرىيات، گېزىتخانىلاردىن كەلگەن ۋەكىللەر ئەدەبىي ژورنال ۋە گېزىتلەر ئەدەبىيات بەتلىرى خىزمىتىنى كۈچەيتىش، گېزىت — ژورناللارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، دەۋر روھىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭ — كۇشادە پىكىر ئالماشتۇردى.

ۋەكىللەر نۆۋەتتىكى بەزى ناتوغرا تونۇشلارنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم مەسىلە — بىروزا ئىجادىيىتىنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈش ۋە پوئېزىيەنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش لازىم، دەپ ھېسابلىدى.

يىغىن مەزگىلىدە، 400 كىشىلىك چوڭ يىغىن ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «قەشقەر دىيارىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى ۋە ‹قۇتاتقۇبىلىك› نىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى» دېگەن ماۋزۇدا ئىلمىي دوكلات بەردى. يىغىن قاتناشچىلىرى يەنە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسىنى ۋە ئۇيغۇر مىمارچىلىقىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى ئاپپاق خوجا مازىرىنى زىيارەت قىلدى.

مۇھەممەتتۇرسۇن ئابدۇكېرىم

# تەبرىك سۆز

قەييۇم تۇردى

(جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

يولداشلار:

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنى گۈللەندۈرۈش، ئەدەبىي ژورناللىرىنى ياخشى چىقىرىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى ھەم «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىنى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىشنى مۇھاكىمە قىلىش مەقسىتىدە بۈگۈن ھەممىمىز بۇ سورۇنغا جەم بولدۇق. مەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتى نامىدىن بۇ يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ھەمدە يىغىنغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلى دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، ئاددىيلىقتىن ئىلمىيلىشىپ، پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلىنىپ، زور بىر تۈركۈم قابىلىيەتلىك ياش، ئوتتۇرا ياشلىق يازغۇچى، شائىر، دىراماتورگ ۋە ئەدەبىي ئوبزورچىلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان سەۋىيىلىك، تەسىرلىك ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە قەشقەر ۋىلايىتىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرى، ھۆرمىتى بار، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رەڭگا ـ رەڭ گۈل ـ چېچەكلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ژورناللاردىن بىرى بولۇپ قالدى. "4 كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ فېئودال فاشىزىمنى پاش قىلىش، ھەرخىل روھى كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاش ھەم ئۇنىڭ قالدۇق زەھەرى، تەسىرىنى تازىلاشتا؛ ئىدىيىنى ئازات قىلىپ، خەلقنى روھلاندۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قاراپ يۈرۈش قىلىشىغا ئىلھام بېرىشتە؛ خەلقنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئالىجاناپ، مەزمۇنغا باي مەدەنى تۇرمۇشنى بېيىتىش، مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىشتە؛ ساغلام، يېڭى ۋە مىللى ئالاھىدىلىككە ئىگە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتا ئىجابى، ئوبدان رول ئوينىدى. بۇ ئىلھام بەخش نەتىجىلەر بىزنى بەكمۇ خوشال قىلىدۇ. بىز «قەشقەر ئەدەبىياتى» دىكى يولداشلار ۋە كەڭ ئاپتورلارغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرىمىز.

بۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدە كىشى قەلبىنى زوقلاندۇرىدىغان گۈللەپ ـ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى، ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىمىز ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك قۇدرەت تاپقان ئەمەس. ئەدەبىيات سېپىمىز زور بىر تۈركۈم ياش، ئوتتۇرا ياشلىق تالانتلىق ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىشى بىلەن بارغانچە كېڭەيمەكتە. تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى بىر قەدەر مۇكەممەل يورۇتۇپ بېرىل-

www.uyghurkitap.com



گەن رومان، پوۋېست، دراما، داستان ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شېئىر ئىجادىيىتى سان جەھەتتىلا ئەمەس، كەڭلىك، چوڭقۇرلۇق جەھەتتىمۇ يۈكسىلىشكە ئېرىشتى. ئەدەبىياتىنىڭ خەلق ئاممىسى، تۇرمۇش ۋە ئاكتىپ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئەدەبىياتىمىزدا ئۇزاققا قالماي مەملىكەت سەۋىيىسىگە يېتىدىغان ۋە جاھان سەۋىيىسىگە يېقىنلىشىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىدىن ئۈمىت بار.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز جانلىق ۋە تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق، مەزمۇنغا باي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ماھىيىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشى، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلۋىنى ۋە تارىخى تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىشى، شۇنىڭدەك خەلقنى سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەپ ئۇلارنى پائال ئالغا ئىنتىلىش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش روھىغا ئىگە قىلىش لازىم» دېگەن ئىدى. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ بۇ بىر نەچچە يىللىق ئەمەلىيىتى پارتىيىنىڭ ئۈمىدىنى سادىقلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ بىزنىڭ شەرىپىمىز.

ھازىر مەملىكىتىمىزدە ئۇلۇغ تارىخى خاراكتېرلىق چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلمەكتە. ئىدىيىنى ئازات قىلىش، داشقازاننى چېقىش، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىدە ھەر خىل مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش، ئېقىل بولغىنى ئېچىش، ئىلىم - پەنگە تايىنىپ بايلىق يارىتىش، گۈللىنىش بەلگە قىلىنغان ئۇلۇغ ئىسلاھات ھەركىتى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا. ھەممىنى ئىسلاھات روھى بىلەن ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش، كەشىپ قىلىش ھاياتىمىزنىڭ ئۈمىتۋارلىققا تولغان مەزمۇنلىرى بولۇپ قالدى. ھەممە يەردە چوڭقۇر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا بەل باغلىغان، ئۆزگەرتىش، يېڭىلاشقا جۈرئەتلىك زامانىمىزنىڭ يېڭى كىشىلىرى، باشلامچىلىرى، قەھرىمانلىرى كۆپلەپ مەيدانغا كەلمەكتە.

كەڭ خەلق ئاممىسى قىزغىن قاتنىشىۋاتقان ۋە جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بۇ رېئاللىق ئەدەبىياتىمىز ئالدىدا مۇشكۈل، شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى قويىدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش كۈرىشى جەريانىدا نەرە تارتىپ ئالدىدا مېڭىپ، قەھرىمانلارنى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەپ، پۈتلىكاشاڭ، توسقۇنلۇقلارنى قامچىلاپ، يېمىرىپ تاشلاپ، دۆلىتىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشى، خەلقىمىزنىڭ روناق تېپىپ گۈللىنىشى ئۈچۈن يول ئېچىش ۋەزىپىسى بار. بۇ قېتىمقى يىغىنىمىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ۋەزىپىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىدىيە جەھەتتە بىرلىككە كېلىپ، ئىنتىپاق قىلىشىپ تېخىمۇ زور نەتىجىلەر يارىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

كېلەر يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق مەرىكىسى بولىدۇ، بۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقى ۋە باشقا قېرىنداش مىللەت خەلقلىرى ھاياتىدىكى چوڭ ئىش. 30 يىللىق تويغا ئاتاپ ئاپتورلىرىمىزنىڭ كۆپلەپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىپ سوۋغا قىلىشىنى تەكلىپ قىلىمىز. 30 يىللىق توي مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ئەدەبىي ئىجادىيەتنى باھالاش - مۇكاپاتلاشنى ئويلىشىۋاتىدۇ، كەڭ ئاپتورلىرىمىزنىڭ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى تۇرمۇشىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يېڭى، مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن بۇ پائالىيەتكە قىزغىن **ئاۋاز** قوشۇشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

يولداشلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، يىغىنغا غەلىبە تىلەيمەن.




(ھېكايە)

تۇرسۇن نىياز

مەن بىر كۈنى شەھەرلىك دوختۇرخانا تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىدە خېلىدىن بىرى يېتىپ داۋالىنىۋاتقان سىڭلىم رەيھانغا دورا ئېچ-كۈزۈش ئۈچۈن، تۇساتتىنلا يېنىمىزدىكى خوشنا ياتاققا چاي ئىزدەپ كىرىپ قالدىم. ياتاق ئىچى پاكىز ۋە ئازادە بولۇپ، بىر چەتتىكى يالغۇز كېسەل كارۋىتىدا كېسەل ئازاۋىدىن چىرايى تامدەك تاتارغان، لەۋلىرىدە قان دىدارى قالمىغان 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت، ئوڭ پۇتى پۈتۈنلەي ئاق داكا بىلەن تېڭىلغان ھالدا تورۇسقا قاراپ ياتاتتى.

مەن ياتاققا كىرىپ ئۇنىڭدىن قىسقىغىنە ھال-ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، كارۋاتقا تاقاپ قويۇلغان يېشىل سىرلىق تومبۇچكا ئۈستىدىكى گۈللۈك چايدانغا قول ئۇزاتتىم. ئەپسۇسكى، چايداندا چاي دىدارى كۆرۈنمەيتتى.

— ھەي، بۇ ئىشنى قاراڭ! تەلىيىڭىزگە چايمۇ تۈگەپ قاپتىكەن — دە، — دىدى ھېلىقى يىگىت مەيۈسلەنگەن قىياپەتتە مەن تەرەپكە بېشىنى بۇراپ، — بۇ ياتاقتا مەندىن باشقا ھېچكىم يوق، شۇڭا چايمۇ تۈگىشىپ قالغان بولسا كېرەك.

— خىجىل بولماڭ، — دىدىم مەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە يارىشا چايداننى قويۇۋېتىپ، — كەچقۇرۇن چاي قاينىغاندا ئۆزۈم ئالغاچ كىرەمەن.

— رەھمەت سىزگە.

مەن كېيىننى تۆگىتىپ ئەمدىلا ئارقامغا يېنىشىمغا، ئۇ بىردىنلا بېشىمنى كۆتىرىپ:

— سىڭلىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سوراپ قالدى، مەنمۇ ئۇنىڭ بۇ ھىممىتىگە يارىشا يېڭىۋاشتىن ئۇ ياتقان كارۋاتنىڭ ئايىغىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

— ھازىرچە خېلى ياخشى، لېكىن كۆپرەك ياتسۇن دېسەك قولىمىز قىسقا كەپقالىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا چىقىپ كەتسەكمىكىن دەۋاتىمىز، — دەپ جاۋاپ بەردىم.

— قولىمىز قىسقا كەپقالدى دەڭ، — دېدى ئۇ ئاستاغىنا سۆزۈمنى تەكرارلاپ، — ئەگەر پۇل بىلەنلا ياخشىلىنىپ كېتىدىغانلا ئىش بولسا، ئۇزۇنراق ياتقىنى ياخشى. چۈنكى، پۇل دېگەن ھامان تېپىلىدىغان نەرسىغۇ، لېكىن ئادەمنىڭ تېپىلمىغى تەس.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ نېمە ئۈچۈندۇر چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى-دە، قانسىز لەۋلىرى خۇددى كۆز شامىلى سوققان ياپراقتەك تىترەپ بىر ھازا ئۈن- تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. مەن بېشىمنى كۆتىرىپ قايتا ئۇنىڭغا سەپ سالغىنىمدا، پۈتۈن كېسەللىك ئازاۋى گويا ئۇنىڭ ياداڭغۇلىقتىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئەشۇ بىر جۈپ كۆزىگە يىغىلىپ قالغاندەك، كۆز چانىقىدىن دومىلاپ چۈشكەن بىر تامچە ياش ئاستا مەڭزىنى بويلاپ ياستۇققا ئېقىپ چۈشتى. مەن ئۇنىڭ بۇخىل كۆڭۈل يېرىمچىلىقىغا بىر ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن بولسىمۇ تەسەللى بېرىپ، ياتاقتىن چىقىش ئۈچۈن دەرھال ئورنۇمدىن قوزغالدىم. بىراق ئىشىك تۈۋىگە بارا-بارمايلا ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىپ مېڭىشتىن توختاتتى.

— ئېيتىڭا، سىڭلىڭىز ئۈچۈن يەنە قانچىلىك پۇل لازىم بولىدىكەن؟

— 100 يۈەن.

— ئۇنداقتا، قانچە لازىم بولسا مەن بىرىپ تۇراي، — دېدى ئۇ، جاۋابىمنى كۈتمەيلا، ياستۇق ئاستىغا تىقىپ قويغان بىر توپ پۇلنى قولىغا ئېلىپ، — مانا بۇنى ئېلىڭ، مەن بۈگۈن نېمە ئۈچۈن بۇ ياتاقتا يالغۇز غېرىپسىنىپ ياتىمەن. مانا شۇ پۇل ئۈچۈن بولمىدىمۇ؟ پۇلۇم بار دېگەندىمۇ يولىدا خەۋلەپ كۆڭلۈك تارتقان نەرسەڭنى ئېلىپ يېيەلمىسەڭ ئۇنىڭ نىمىگە پايدىسى بار؟ ھۆكۈمەت ياخشىمىغۇ بۇ ئاق خالاتلىق قىزلارنى ماڭا ھەمرا قىلغان ئىكەن، بولمىسا قانداق قىلاتتىمكىن-تاڭ؟!

مەن ئۇنىڭ بىردە غەزەپتىن بوغۇلۇپ، بىردە چوڭقۇر ئېچىنىش ئىچىدە تىترەپ چىققان مەيۈس ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرەك باغرىم «شۇررىدە» ئېرىپ كەتكەندەك بولدى — دە، خېلىدىن بىرى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغان، لېكىن ئالدىراپ سوراشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقان بىر سوئالنى ئاغزىمدىن چىقىرىۋەتتىم:

قارايدىغان ئادىمىڭىز يوقمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، — ھازىرچە ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىمىم يوق. بۇنىڭ مۇنداق بولۇشىغىمۇ ئۆزۈم سەۋەپچى بولغان، — ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، داكا بىلەن ئورالغان پۈتىنىڭ مىدىرلىشىدىن كېيىنكى ئاغرىق ئازاۋىدىن قاتتىق بىر تولغاندى-دە، يۈز — كۆزلىرىنى غەلىتە پۈرۈشتۈرۈپ بىر پەس جىمىپ كەتتى، — راست، تۇرمۇشتا سىز ئېيتقاندەك ئىگە چاقىسىز بىرەر ئادەممۇ بولمايدۇ. لېكىن، ماڭا ئوخشاش ئۆز شورى ۋە ئەقىلسىزلىكى سەۋەۋىدىن ھەممىدىن ئايرىلىپ، ھەسرەت-نادامەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەرمۇ ئاز بولمىسا كېرەك، — دەپ قوشۇپ قويدى.

مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ
هازىرقىدەك كېسەل بولۇپ يالغۇز يېتىشىنىڭ
ئاللىقانداقتۇ ماڭا مەلۇم بولمىغان بىر سىر ـ
لىق هايات سەرگۈزەشتىسى بىلەن مەھكەم باغ ـ
لانغانلىقىنى سىزىپ يېتىپ ئىشىنىڭ تېگى ـ تەك ـ
تىنى تەپسىلىرەك بىلىپ بېقىش نىيىتىدە كوچى ـ
لاپ ئۇنىڭدىن سورىۋىدۇم :

ـــ قارىغاندا بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئىشلار ـ
مۇ ئاز ئەمەستەك تۇرىدۇ ، شۇنداقمۇ ؟

ـــ شۇنداق ، خالىسىڭىز باشتىن ـ ئاياق
سۆزلەپ بېرەي. لېكىن تاشقىرىدا سۆز ـ چۆ ـ
چەك قىلىپ يۈرمەڭ ، ـ دېدى ئۇ سوئالىمغا
جاۋاپ بېرىپ .

مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە، ئۆزۈمدىن باشقا
هېچكىشىگە تىنىماسلىققا ۋەدە بېرىپ، 2 مىنۇت
ئارىلىقىدا سىگىلىمغا دورا ئىچكۈزۈپ قويۇپ ،
ياتاققا قايتىپ كىردىم ۋە يېڭىۋاشتىن ئۇنىڭ
كارۋىتىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردۇم . ئۇ ، يې ـ
نىدىكى بىر تال ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىنى
چاققانلىق بىلەن ئاغزىغا سالدى ، كەي ـ
نىدىن مەن ئېلىپ كەلگەن بىر پىيالە چاينى
ئوتلىۋېتىپ ، سۆزىنى باشلىدى :

مەن بۇندىن بىر قانچە يىل ئىل ـ
گىرى بۇ چوڭ شەھەرگە تۇغۇل، ئۆز يۇرتۇم
گۇل چىمەندىن ناھىيە بازىرىنىمۇ بېرىپ
باقمىغان ئاددى بىر دېخان بالىسى ئىدىم .
هېلىقى 10 يىللىق ”مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى “
مەزگىلىدە دادام رەھمەتتى ئالەمدىن ئۆتتى ،
ئارقىدىن ئانامىمۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى.
بۇنىڭ بىلەن ئائىلىمىزنىڭ ئېغىر ـ يەڭگىل
ئىشلىرى ئۇكام قادىرجان بىلەن ئىككىمىزگە
قېلىپ قالدى . ئۇ چاغدا بىز هەر كۈنى تاڭ
سۈزۈلمەستە ئىشقا چىقىپ كەچ قايتىپ،
دۈيدە شۇنچە كۆچەپ ئىشلىسەكمۇ يىل ئاخىرى ـ
دا يەنىلا قولىمىزغا دارامەت تەگمەي، ئەكسى ـ
چە قەرز چىقاتتى . ئارىدىن بىر يىل ئۆتمەي،
ئانامىمۇ ئالەمدىن ئۆتتى . بىز ئاكا ـ ئۇكا
ئىككەيلەن خۇددى قانىتىدىن ئايرىلغان قۇش ـ
تەك ئىگە چاقىسىز بىر كۈن ئاچ ، بىر كۈن
توق كۈن كۆچۈرۈشكە باشلىدۇق . ئىشتىن
يېنىپ تاماق ئېتىش ، تاماقتىن كېيىن كىر ـ
قات يۇيۇشنىڭ بىز ئەرلەر ئۈچۈن قانچىلىك
ئېغىر ئىكەنلىكىنى مەن دېمىسەممۇ ئۆزىڭىز
ئوبدان چۈشىنىسىز. مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ
بىرىدە تام خوشنىمىز قاسىم ئاكامنىڭ
18 ـ 17 ياشلارغا كىرگەن قىزى ئايشەمگۈل
بىر كۈنى كەچتە تۇساتتىنلا ئۆيىمىزگە كىرىپ
كەلدى ۋە بىزدىن هال ـ ئەھۋال سوراپ :

ـــ ئەركىنجان ئاكا ، مەريەم ئاچام كۆز
يۇمغاندىن كېيىن، ئۆيدىكى بارلىق ئېغىر ـ
يەڭگىل ئىشلار سىزگىلا يۈكلىنىپ قالدى. ئۇ ـ
نىڭ ئۈستىگە قادىرجان ئۇكام تېخى كىچىك،
دادام بىلەم ئانام بۇگۈن سىلەرنىڭ
غېمىڭلارنى يەپ : ”قىزىم ، ئۇلارنىڭ نان ـ
پانلىرىنى بولسىمۇ يېقىپ بېرىشكە ياردەملەش ـ
كىن، خوشنا دېگەن مۇشۇنداق كۈنلەردە ئەس ـ
قاتمىسا ، نېمىسىنى ئارزۇلايدۇ“ دەپ سىزنىڭ
قېشىڭىزغا كىرگۈزگەن ئىدى. ئىشلىرىڭىز بولسا
قارىشىپ بېرىسەم قانداق ؟ دېدى.
قالدى . مەن ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى قىزلارغا
خاس ئۇياتچان ، تارتىنچاق ۋە ئىپكىن چىن
قەلبىدىن سەمىمىلىك ، مېھرىبانلىق چىقىپ
تۇرغان قاپقارا كۆزلىرىگە قاراپ، نېمە دەپ
جاۋاپ بېرىشىمنى بىلمەيلا تۇرۇپ قالدىم .
ئۇمۇ جاۋابىمنى كۈتمەيلا هويلىدا تۇر ـ
غان سۆپۈرگىنى قولىغا ئېلىپ، خېلىدىن بېرى
تازىلانمىغان هويلا ـ ئارام ، ئۆي ئىچىنى بىر ـ
دەمدىلا چىنىدەك قىلىۋەتتى ، قازان ـ قو ـ
مۇشلارنى يۇيۇپ ، ئاشتىن كېيىن بىر ئوچاق

نان يېقىپ بېرىپ، بىزنىڭ: ئايشەمگۈل، تاماق
يەپ چىقىڭ دېگىنىمىزگىمۇ قارىماي ئۆيدىن چىـ
قىپ كەتتى . شۇندىن كېيىن، ئۇ پات ـ پات
ئۆيىمىزگە كىرىپ قولىدىن كېلىشىچە بىزگە
يار ـ يۆلەك بولىدىغان ، ھەتتا مەن ئۆيدە
يوق بەزى كۈنلىرىمۇ ئۇكام قادىرجاندىن ئاچـ
قۇچنى ئېلىپ، يوتقان ـ كۆرپىلەرنى سۆكۈپ
ئوڭلاپ ، كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنى يۇيۇپ
قويىدىغان بولدى .

بىر كۈنى ئىنىم قادىرجان ئۇشتۇمتۇت كېـ
سەل بولۇپ قېلىپ، كۆكشى دۆختۇرخانىسىغا
ئېلىپ باردىم ، كىم بىلسۇن، "ئۆلمەك ئۈستىـ
گە تەپمەك» دەپ دوختۇرخانىدىن يېنىشىمىزغا
قاتتىق يامغۇر ئۈستى ـ بېشىمىزنى
چىلىق ـ چىلىق سۇ قىلىۋەتتى . بۇنىڭ بىلەن
بىر تەرەپتىن قوساق ئاچلىقى، يەنە بىر تەرەپـ
تىن كۈز يامغۇرىنىڭ جاندىن ئۆتەر ئاچچىق
سوغىقى قوشۇلۇپ ، چىشلىرىمىز بىر ـ بىرىگە
كىرىشىپ، تەنلىرىمىز جاقىلداپ تىترەپ كەتتى.
بىز ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە، قاراڭـ
غۇ چۈشكەن ئىدى . مەن ئالدىراپ ـ تېنەپ
ئوچاققا ئوت يېقىشقا تۇتۇش قىلدىم . شۇ
ئەسنادا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئىشىك ئېـ
چىلىپ، يۈزلىرى ئاناردەك قىزارغان ، بېشىدـ
كى گەرس ياغلىقنى چىرايلىق چىگىۋالغان
ئايشەمگۈل بىر تاماق كورىسىنى كۆتەرگىنىچە
ئۆيگە كىرىپ كەلدى . مەن بۇ ئىشنى كۆرۈپ
چوڭقۇر ھاياجان ئىلكىدە ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنـ
مەيلا قالدىم ۋە دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ:
ــ ئايشەمگۈل، سىز نىمانچە ئاۋارە بولىـ
دىغانسىز. ھېلىمۇ كۆپ جاپا چەكتىڭىز،ــ دېگەن
بىر ئېغىز سۆزنىلا ئاغزىمدىن چىقىرالىدىم.
ــ ئاۋارە بولغىدەك نېمىسى بار ،ــ دېدى
ئۇ قولىدىكى ئاشنى قاچىلارغا ئۇسسۇۋېتىپ،ــ
مەن سىزنىڭ دوختۇرخانىغا كەتكىنىڭىزنى ھېـ
لىلا بىلدىم، بۇرۇنراق بىلگەن بولسام باشقىـ
چىرەك بىر نەرسە ئېتىپ تۇرىدىكەنمەن، سوۋـ
يۇق ئاش بولسىمۇ ئىچىپ كۆرۈڭ.
ــ رەھمەت سىزگە ئايشەمگۈل،ــ دېدىم
مەن بۇندىن باشقا ياخشىراق بىرەر سۆز تاـ
پالماي،ــ بۇ قىلغىنىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.
سۆھبەتدىشىم دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە
بىردىن قاتتىق ئۇھ تارتتى ـ دە، كارۋاتتىن
چۈشۈپ كەتكىدەك بىر خىل كۈچ بىلەن تولـ
غىنىپ دېرىزە تەرەپكە قارىۋالدى ۋە بىر مىـ
نۇتچە جىملىقتىن كېيىن، تېزدىنلا بىر نەرسىنى
ئېسىگە ئالغاندەك مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ:
ــ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى سۆزلەۋېـ
رىپ سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويماي يەنە،ــ دەپ بىـ
لىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى. مەن:
ــ نەدىكەنى، سۆزلەۋېرىڭ، زېرىكمەيـ
مەن،ــ دەپ جاۋاپ بەردىم.
ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: ـ شۇنـ
داق قىلىپ ئوتتۇرىمىزدىكى بۇـ
سەمىمى ياردەم ، چوڭقۇر مېھرىـ
بانلىق ۋە ئۆز ئارا چۈشىنىش بىزنى تەبىئى
ھالدا مۇھەببەتنىڭ يوشۇرۇن، نازۇك يېپلىـ
رى بىلەن مەھكەم باغلاپ، ياشلىق ھايات گۈلـ
زارىمىزدا تۇنجى بەخت گۈلىنى ئېچىلدۇردى.
كۆپ ئۆتمەي قاسىم ئاكام ۋەبەختى ئاچامـ
لارنىڭ ئىختىيارلىقى ۋە ھەر جەھەتتىن يارـ
يۆلەك بولۇشى بىلەن ئاددى ـ ساددىلا توي
قىلىپ بېشىنى ئوڭشىۋالدىم. ئۆيىمىزنىڭ بۇ
چاغدىكى تۇرمۇش ئەھۋالى ئەۋۋەلقىدىن ئانـ
چە چوڭ پەرقلەنمىسىمۇ، لېكىن تويدىن كېيىنـ
كى ئايشەمگۈلنىڭ ماڭا بولغان چوڭقۇر مېھـ
رى-مۇھەببىتى، ئائىلە باشقۇرۇشتىكى ئىشچان،
چەۋەر، زېرەكلىكى بىز نامرات ئائىلىمىزگە
بەخت ۋە خوشاللىق بېغىشلىدى. ئارىدىن بىر
يىلغا يېتەر ـ يەتمەي بىر باللىقمۇ بولۇپ

قالدىم، ئىنىم قادىرجانمۇ ئۇرۇمچىدىكى بىر
مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتتى. بۇ-دەل 1977 - يى-
لىنىڭ ئەتىياز پەسلى بولۇپ، بىر كۈنى ئىش-
تىن يېنىپ ئەمدىلا ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشۇمغا،
مەھەللىمىزدىكى ھاشىمجان ئىسىملىك كونا
ساۋاقدىشىم كىرىپ كەلدى. ئۇ سۆھبەت
ئارىلىقىدا ئۇيان - بۇيان گەپ ئېچىپ، ئۆزى-
نىڭ بىر ئىككى يىلدىن بۇيان، شەھەر بىلەن
يېزا ئوتتۇرىسىدا ئانچە - مۇنچە سودا - سې-
تىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، تۇرمۇشتا
خېلى ھالىنىپ قالغانلىقىنى، بولغاندا مې-
نىڭمۇ ئازراق دەسمى سېلىپ ئۆز تەلىيىمنى
سىناپ بېقىشىمنىڭ لازىملىقىنى دەۋەت قىلدى.
مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ دەسلەپتە ئىكك-
لەندىم، ئارقىدىن ھاشىمجان ئاز تولا پۇل بې-
رىپ تۇرۇشنى ۋەدە قىلغاندىن كېيىن "قېنى،
تەۋەككۇل ئۆز تەلىيىمنى سىناپ باقايمۇ" دې-
گەن نىيەتكە كەلدىم. يولدۇشۇم ئايشەمگۇلمۇ
كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەنگەندەك: "بوپتۇ ئەركىن،
بۇ ئويىڭىزمۇ ياخشى بوپتۇ. كونىلاردا "مىدىر-
لىغان تاغ ئاشار، تاغ كەينىدە باغ ياسار"
دېگەن بىر ماقال بار، ناۋادا تەلىيىمىز ئوڭ-
دىن كېلىپ، تۇرمۇشىمىز ئازراق ياخشىلىنىپ
قالسىمۇ ئەجەپ ئەمەس. سىز ئۆينىڭ باشقا
ئىشلىرىنى ماڭا قويۇپ بېرىپ، ھاشىمجان بى-
لەن خاتىرجەم مېڭىۋېرىڭ" دەپ بۇ ئىشىمنى
قىزغىن قوللىدى. ئەتىسى يولغا چىقىش ئالدىدا
ئۇ، قىزىم ساداقەتنى باغرىغا مەھكەم باسقان
ھالدا ئۆزىگە ئاتاپ ئالغان بىردىن - بىر توي-
لۇق سوۋغام - ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقىنى
قۇلىقىدىن ئېلىپ:" ئەركىن، مانا بۇنى ئېلىۋې-
لىڭ، لازىم بولسا، سېتىپ خەجى - خىراجەت
قىلارسىز" دەپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.
تۇنجى قېتىملىق سەپىرىمدە راستىنلا ئىش
ئوڭدىن كەلدى: شەھەرگە ئېلىپ بارغان 5 تا-
غار گۆلە - قاق ۋە قۇرۇق ئۈزۈم ئەسلى سې-
تىۋالغان باھادىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك
پۇلغا ياراپ، قايتىشىمدا يېزىلاردا يوق بىر
تۈركۈم سانائەت ماللىرىنى ئېلىپ قايتتىم.
يېزا بازىرىدىكى تىجارىتىممۇ خېلى ياخشى
بولدى. شۇنداق قىلىپ كۆپ ئۆتمەي
شەھەردىن يېزىغا، يېزىدىن شەھەرگە قاتناپ
يۈرۈپ، خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن تىجارەتچىلەر-
دىن بولۇپ قالدىم. يېنىمدىكى پۇلمۇ ئۈزلۈك-
سىز كۆپىيىپ يۈرۈگۈم يوغىنىدى. كېيىنكى يىلى
شەھەرئىچىدىن چاققانغىنا بىر يۈرۈش ئۆي سېتى-
ۋېلىپ، ئاۋات كوچىلاردىن بىرسىگە دۇكان ئې-
چىپ، ئۆيگىمۇ كۆپ بارمايدىغان بولۇپ قال-
دىم. كېيىنچە ئۆزۈمگە ئوخشاش باشقا تىجا-
رەتچىلەر بىلەن تەڭ رىقابەتلىشىپ، شاڭخەي،
بېيجىڭ، گۇاڭجۇ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە
بېرىپ، بىمالال مال ئېلىپ كېلەلەيدىغان، پۇلنى
پۇلغا ئۇرۇپ خەۋلەيدىغان داڭلىق "شىياڭگاڭچى"
لار قاتارىدىن ئورۇن ئالدىم. پۇلنىڭ كۈچى
بىلەن يۈز ئابرويۇم يۇقۇرى كۆتىرىلىپ، ھۆر-
مىتىم ئاشتى. تونۇش، - بىلىش، دوستىلىرىم-
غىنىلار كۆپەيدى. ھەتتا ئۇلپەتداشلىرىم بىلەن
ئولتۇرغان سورۇنلاردا بىرەر يۈز يۈەننىڭ
كۆزىگە قارىمايلا خەۋلەپ چىقىپ كېتىدىغان
ھالغا يەتتىم.

بىراق، پۇل كۆپەيگەندىن كېيىن، سېنىڭ
ئارزۇ-ھەۋەسلىرىڭدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدىكەن.
بارا - بارا ئۆزەم تۇرغان بۇ شەھەردىكى
نازىنىن قىز - چوكانلارنى كۆرۈپ كۆزۈم -
قىزاردى. ئاي - ئايلاپ ئۆيگە بار-
مايدىغان، بارسامۇ بىر ئىككى كۈن تۇرۇپ
قايتىپ كېتىدىغان بولدۇم. ئايالىم بۇ ئىشتىن
قاتتىق نارازى بولدى. بىر ئىككى قېتىم جېدەل-
لىشىپمۇ قالدۇق. بىر قېتىم شاڭخەيدىن يېرىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



يىلدىن كۆپرەك قايتىمىدىم، ئۆيگىمۇ بىرەر
پارچە خەت ياكى پۇلمۇ ئەۋەتمىدىم. لېكىن
ئايالىم ئىككى قېتىم خەت يېزىپ،
ھازىر يېزىلاردا يېڭى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى
يولغا قويۇلغانلىقىنى، ئائىلىمىزگىمۇ
10 مو مەسئۇلىيەت يېرى تەقسىم قىلىنىپ، ئۆ-
زىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا قىينىلىپ قالغانلىقىنى،
بولغاندا مېنىڭ دەرھال قايتىپ كېلىپ، ئائىلە
ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشىمنىڭ زۆرۈرلىكىنى تە-
لەپ قىلدى. مەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ بۇنىڭ-
غىمۇ پىسەن قىلمىدىم، ئەكسىچە "يېزىغا بې-
رىپ يەر تېرىپ نېمە كەپتىكەن، ئۇنىڭسىزمۇ
جان باقالايمەنغۇ» دەپ ئويلىدىم ۋە يامىنى
كەلسە ئۇنىڭ خېتىنى بېرىپ، ئۆزەم خالىغان
شەھەر قىزلىرىدىن بىرىنى تاللاپ، توي قىلىۋې-
لىش قارارىغا كەلدىم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي،
بۇ مەقسىدىمۇ ئەمەلگە ئاشتى: شۇ قېتىم
شاڭخەيدىن يېنىپ ئۇدۇل ئۆيگە
باردىم ـ دە، قەستەن ئۇنىڭ خېتىنى بىرنۇد-
ىش نىيىتىمدە، بۇندىن كېيىن ئۇزەمنىڭ بۇ
ئۆيدە تۇرالمايدىغانلىقىمنى، ئۆي ئىچى ۋە
دېخانچىلىق ئىشلىرىغا بولسا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭلا
مەسئۇل بولۇش كېرەكلىكىنى ئوچۇقلا ئېيتتىم.
ئەگەر بۇنىڭغا قوشۇلمىسا خېتىنى بىرنۇۋېتىدى-
غانلىقىمنىمۇ قوشۇپ قويدۇم. ئۇ بۇ گەپلى-
رىمنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئورنىدا قې-
تىپلا قالدى ۋە شۇ ھامان كۆزىدىن
تاراملاپ تۆكۈلگەن كۆز يېشىنى توختۇتۇۋالال-
ماي، قىزىم ساداقەتنى كۆتەرگىنىچە ئۆيدىن
چىقىپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەن قاسىم ئاكام-
لار بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ "بولۇپتۇ، ئەر-
كىنجان ئەمدى كۆزىگە ياغ تولۇپ، قىزىمىز-
دىن چانغان بولسا، خېتىنى بەرسىمۇ مەيلى"
دەپ ئادەم كىرگۈزدى. مەن ئىشىنىڭ مۇنداق
تېز بىر تەرەپ بولۇشىدىن خوشال

بولۇپ كەتمىسەممۇ، لېكىن، ئۆيگە كېلىشتىن
بۇرۇن داخىيەندە تونۇشۇپ قالغان بىر ياش
چوكانغا بەرگەن ۋەدەمنىڭ راستىن ئەمەلگە
ئاشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، كۆزۈمگە ھېچ نەرسە
كۆرۈنمەي قالدى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگىنى
راستىنلا ئۇنى گۇڭشېغا ئېلىپ بېرىپ، قىزىم
ساداقەتنى ئۇنىڭغا بېرىدىغان، بالىنىڭ سۈت
ھەققى ئۈچۈن ھەر ئايدا مەلۇم ساندا پۇل
تۆلەيدىغان بولۇپ خېتىنى بىردۇۋەتتىم. شۇ
كۈنى ئۇ يولدا قايتىپ كەلگىچە ماڭا بىر ئې-
غىزمۇ سۆز قىلمىدى. لېكىن، ئۆيگە يېقىنراق
كەلگەندىلا، چوڭقۇر ئېچىنىش ۋە ھەسرەت بى-
لەن ماڭا قاراپ: "خەير- خوش ئەركىن! مەن
سىزنى ئىلگىرى مۇنچىلا ئۆزگىرىپ كېتەر، دەپ
زادىلا ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. ئەمدى
سىز يالغۇز مېنىلا ئەمەس، نارىسىدە قىزىڭىز-
ساداقەتنىمۇ مەڭگۈ بەختسىز قىلدىڭىز، مەي-
لى بۇمۇ ئۆزىڭىزنىڭ شورى، لېكىن سىز
ساداقەتنى ھەرگىز ئەستىن چىقارماڭ"
دېدى ـ دە، قىستاپ كېلىۋالغان كۆز يېشىنى
ياغلىقى بىلەن سۈرتكىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قاي-
تا كۆرۈشتىڭىزمۇ؟ ـ سورىدىم مەن، ئىش-
نىڭ ئاخىرىنى بىلىشكە قىزىقىپ.

— ياق، ـ دېدى ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ـ پە-
قەت بىر قېتىملا يىراقتىن چالا ـ پۇلا كۆر-
دۇم. بۇ ـ 3 يىل بۇرۇنقى ياز ئايلىرىنىڭ
بىرى ئىدى. مەن ئاكاتسىيە دەرەخلىرى قو-
يۇق سايە تاشلاپ تۇرغان دۇككىنىمدا، كېيىن-
كى ئايىلىم شاراپەت بىلەن مال سېتىپ ئول-
تۇراتتىم. شۇ ئەسنادا 6 ـ 5 ياشلار چامىسى-
دىكى بىر قىزچاقنى يېتىلىگەن سەھرا سۈپەت
بىر ئايال، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا دۇككان-
دىن 8 ـ 9 مېتىر يىراقتىكى كوچا ئاغزىغا
كېلىپ توختىدى. ئارقىدىن قولى بىلەن ھې-

لىقى قىزچاقچا مېنى كۆرسىتىپ، قانداقتۇ بىر نىمىلەرنى دەپ پىچىرلاشقا باشلىدى. مەن بۇ ئىشتىن دەرھاللا بىر نەرسىنى سېزىپ يەتتىم-دە، يۈرۈگىم «قاتتىدە» قىلىپ ئۆزلۈگۈمدىن ئوڭايسىزلىنىپ كەتتىم، ئاندىن ھەش-پەش دېگىچە ئورنۇمدىن قوزغىلىپ، دۇككاننى ئايالىمغا تاشلاپ قويۇپلا، يېنىمدىكى چايخانىغا كىرىپ ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم. بىراق چايخانا ئىشىكىدىن كىرىۋاتقان چېغىمدا ماڭا 3 ـ 2 قەدەملا يېقىنلاپ قالغان بۇ قىزنىڭ «دادا! دادا!» دەپ ۋاقىرىغان يېقىملىق، زىل ئاۋازى خېلى ئۇزۇنغىچە كىشلەر توپى ئارىسىدا جاۋاپسىز تىترەپ، يۈرەك-باغرىمنى قاتتىق ئېزىۋەتتى. بۇ ئەسلىدە، ئۆز قىزىم سادافەت ئىدى. مەن ئۇ چاغ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىنىمدە، چوقۇم ئايىلىم شاراپەت بىلەن ئوتتۇرىمىزدا چوڭ جەڭگە-جېدەلنىڭ چىقىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. چۈنكى مەن توي قىلغاندىن بېرى ئۇنىڭدىن بالىنى تۇغۇل، ئىلگىرى قىلغان تويىنىمۇ يوشۇرۇپ كەلگەن ئىدىم. چايخانىدا يېرىم سائەتتىن كۆپرەك ئولتۇرۇپ دۇكانغا قايتسام، ئايىلىم بىر ئەپلىك دۇكاندا ئولتۇرۇپ مال سېتىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ سودا سېتىق ئىشلىرىدىكى چاققانلىغى ۋە پۇختىلىغى يالغۇز مېنىلا ئەمەس، ھەتتا باشقا كەسپداشلىرىمنىمۇ قايىل قىلاتتى. ئۇ يېنىمغا كەلگەن ھەر قانداق پىششىق خېرىدارنىڭمۇ ھەر باپ بىلەن پۇلىنى سوغۇرۇۋېلىشقا ئۇستا ئىدى. توي قىلغىنىمىزغا ئىككى يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئارىمىزدا پەرزەنت يوق، پەقەت پۇل تېپىش كويىدىلا كىرىپ كەتتۇق. ئارىدىن يەنە بىر قانچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئاڭلىسام، قىزىم سادافەت چوڭ بولۇپ مەكتەپكە كىرىپتۇ. ئۇ، ھەتتا ئۆز قولى بىلەن ماڭا

2ـ3 پارچە خەتمۇ يازدى. دەسلەپكى خەتلىرىدە ئۇ ئانىسى بىلەن تۇرمۇشتا خېلىلا قىينىلىپ قالغانلىغىنى، مۇمكىن بولسا، بىرەر قېتىم مېنىڭ بېرىپ يوقلاپ كېلىشىمنى تەلەپ قىپتۇ. مېنىڭ ئۇ چاغلاردا كۆرۈپ كېلىشكىنە كۆزۈم بولسۇن، پەقەت 30 ـ 20 يۈەنلا پۇل ئەۋەتىپ قويۇپ بولدى قىلدىم. كېيىنچە يازغان خەتلىرىگىمۇ جاۋاپ يازمايدىغان، ھەتتا پۇل پېچەكىمۇ ئېۋەرتمەيدىغان بولۇپ كەتتىم...

— ئۇنداقتا، — دېدىمەن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — خېلى كۆپ كېسەل تارتىپسىز، بۇ يەرگە كىرگىنى قانچە ۋاقىت بولدى؟

ئۇ ئۇزۇن سۆزلەپ بىر ئاز ھارغىنلىق ھېس قىلدى بولغاي. قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — دوختۇرخانىغا كىرگىنىمگە 3 ئايدىن ئاشتى. دەسلەپكى كۈنلەردە سۇنغان پۇتۇم شۇنداق قاتتىق ئاغرىپ كەتتىكى، خۇددى تاپىنىمدىن 7 باشلىق يالماۋۇز يىڭنە بىلەن تېشىپ قېنىمنى شوراپ ئىچىۋاتقاندەك، سۆڭەك ـ سۆڭەكلىرىم زىڭىلداپ مىدىرلاشقىمۇ ئىمكان بەرمەيدى. بۇ چاغدا كېيىنكى ئايىلىم يېنىمدا ئولتۇرۇپ تاماق ۋە باشقا ئىشلىرىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. بىراق، پۇتۇمنىڭ تېز سۆڭگى قاتتىق زەخىملىنىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن سېسىپ كەتكەچكە ئاخىرى داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، تىزىمدىن كېسىپ تاشلاندى. «دەرت كەلسە قوش كەپتۇ» دەپ بۇ بەختسىزلىكنىڭ ئازاۋىنى تارتالمايۋاتسام، پۇتۇم كېسىلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ھېلىقى ئايالىم شاراپەتمۇ بىر كېچىدىلا سۇغا چۈشكەن تاشتەك كۆزدىن غايىپ بولدى. خوشنىلاردىن ئاڭلىسام، پۇتۇم كېسىلگەن شۇ ئاخشىمى ئۇ ئۆيدىكى بارلىق مال ـ مۈلۈك ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نەق پۇل قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىن كەلگەن ۋاپا ئەنە شۇ. مەن هازىر ئۇنى ئويلىسام ئۆز - ئۆزۈمگە نەپرەتلىنىمەن.

شۇ پەيتتە كاللامدا چىگىش بىر سوئال پەيدا بولدى - دە، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا سورۇدۇم.

— ئەدلىيە ئورۇنلىرىغا خەۋەر قىلمىدىڭىزمۇ ؟

— ياق خەۋەر قىلمىدىم، چۈنكى مەن توي قىلغاندا قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتمەيلا ئۆزۈمگە نىكاھ قىلدۇرۇۋالغان ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىرقى ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنىمۇ بىلمەيمەن.

— پۇتىڭىز قانداق بولۇپ زەخىملەنگەن ؟

— توختاڭ، بۇنىمۇ سۆزلەپ بېرەي ، - دېدى ئۇ دەرهال جاۋاپ بېرىپ، - بۇ يىل 1-ئاينىڭ قاتتىق سوغۇق كېچىلىرىنىڭ بىرى، مەن بىلەن بىر كەسىپتىكى ئاغىنىلەردىن بىرسى ئۇشتۇمتۇت ئىشىگىمنى قېقىپ، شاڭخەيدىن ئېلىپ كەلگەن بىر تۈركۈم ماللارنى ئۆز ئۆيىدىن يۆتكەپ ئەكىلىۋېلىشىمنى ئېيتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ موتوتسىكىلىتنى ئوت ئالدۇردۇمدە، هېلىقى ئاغىنىنى كەينىمگە ئولتۇرغۇزۇپ دەرهال يولغا چىقتىم، بۇ چاغ پۈتۈن شەهەر جىم جىت ئۇيقۇغا چۆمگەن بولۇپ، كۆمۈش رەڭ تۇمان بىلەن قاپلانغان بىپايان كەڭ ئاسماندا ئاندا - ساندا كۆرۈنگەن يۇلتۇزلار غۇۋا چىمىرلاپ تۇراتتى. تۈنۈگۈن كەچكىچە ياغقان قېلىن قار، ماشىنىلارنىڭ ئۈزمەي ئۆتۈشىدىن كوچىلاردا ئەينەكتەك مۇز قاتلىمى هاسىل قىلغان ئىدى. مەن موتوتسىكىلىتنى چوڭ يولدا بوۋازشىغا قويۇۋېتىپ، 5 مىنۇتتىن كېيىن بىز كىرىدىغان كىچىك بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، رولنى تېزدىنلا سولغا بۇرۇدۇم، بىراق تېز كېتىۋاتقان موتوتسىكىلىت بەختىمگە قارشى مۇز ئۈستىدە تېيىلىپ كېتىپ يەرگە يىقىلدىم، هېلىقى ئاغىنەم موتوتسىكىلىتنى ئۈستۈمدىن ئېلىپ مېنى يۆلەپ تۇرغۇزغاندا سول پۇتۇم گويا هاۋادا ئېسىلىپ قالغاندەك مېنىڭ ئىختىيارىمدا ئەمەس ئىدى، بىر ئازدىن كېيىن پۇتۇمنىڭ قاتتىق ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، شۇ كېچىدىلا دوختۇرخانىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدۇم ...

ئۇ سۆزىنى مۇشۇ يەردە توختۇتۇپ، ئۇزۇندىن بېرى قەلبىنى ئازاپلاپ كېلىۋاتقان بارلىق دەرت-ئەلەم ۋە هەسرەت، ئېچىنىشلىرى گويا مۇشۇ هېكايىسى بىلەن تەڭ ئىچىدىن چىقىپ كەتكەندەك چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى-دە، ئۈن-تىنسىزلا جىمىپ كەتتى. مەن ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، بېشىدىكى ياستۇقىنى ئېگىزرەك يۆلەپ قويۇپ ئۆز ياتىقىمغا قايتىپ كىردىم.

× ×

هايات بىر ئادەم ئۈچۈن، هېچ قانداق ئىگە چاقىسىز، كۈنلەپ، ئايلاپ قوزغۇلالماي كارۋاتتا يېتىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپ - ياشلا تۇرۇپ ئەڭ كېرەكلىك بولغان بىر پۇتىدىن ئايرىلىپ قېلىش - كىشىلىك هاياتتا نېمە دېگەن ئېغىر ئىش - هە ؟! ئۇنىڭ كېسىلگەن پۇتى ئەمدى مەڭگۈ ئەسلىگە كەلمەيدۇ ، ئەسلىگە كەلگەندىمۇ قولتۇق تايىقىغا ياكى سۈنئىي پۇتقا تايىنىپ ماڭالىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ بۇ هالغا كەلگىچە قانچە ئاي، قانچە كۈنلەرنى مۇشۇنداق قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزەركىن؟

مەن ياتاققا قايتىپ كىرىپمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە مۇشۇلارنى ئويلىدىم ۋە قولۇمدىن كېلىشىچە ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىم كەلدى.

قىش ئۆتۈپ كەتتى، كۈن ئاستا - ئاستا ئىسسىپ، ئۇزۇندىن بۇيان ئۇيقىدا ياتقان يەر-زېمىنمۇ باشقىچە جانلىنىپ قالدى. ئېتىز - ئېر-

رىق بويىلىرىدىكى تال ـ تېرەكلەر كەينى ـ
كەينىدىن بىخ سۈرۈپ، باش باھاردىن دېرەك
بەردى. دىمەك، تەبىئەت ئۆزگەرمەكتە، ھايات
ئۆزگەرمەكتە.

مېنىڭ پۈتكۈل ئوي پىكرىم يەنىلا ئەركىنـ
دە ئىدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن خوشنا ياتاقـ
تىكى كېسەل بېقىۋاتقان بىر ئايال بىلەن مۇڭدىـ
شىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۈتمىگەندە
ئايشەمگۈلنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ ئاـ
يال ئەسلىدە ئەركىن بىلەن بىر يۇرتلۇق بوـ
لۇپ، دوختۇرخانىدىكى بىر تۇققىنىنى يوقلاپ كەلـ
گەن ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىن ئايشەمگۈلنىڭ ھازىرمۇ
تۇرمۇشلۇق بولماي، قېزى ساداقەتنى بېقىپ ئولـ
تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدىم ـ دە، دەرھال
ئادرېسىنى تەپسىلى يېزىۋېلىپ ياتاققا چىققاندىن
كېيىن، ئايشەمگۈلگە تەۋەككۇل قىلىپ تۆۋەندىـ
كىچە بىر پارچە خەتنى يازدىم:

"ھۆرمەتلىك ئايشەمگۈل!

سىزگە ۋە سىز ئارقىلىق قاسىمكام، زوراچام،
ئۇماق قىزىمىز ساداقەتكە سالام! مەن سىـ
لەرنىڭ تېنىڭلارگە سالامەتلىك، تۇرمۇشىڭلارـ
غا خوشاللىق تىلەش بىلەن چەكسىز ئۈمىتۋە
ئىشەنچ بىلەن تولغان بۇ خېتىمنى يېزىپ ئولـ
تۇرۇپتىمەن. دوختۇرخانىدىكى مۇساپىرلىق،
تەقدىرداشلىق سۆيىتىم بىلەن سىزگە شۇنى ياـ
زىمەنكى، شۇ كۈنلەردە بىر پۈتى تامامەن تىـ
زىدىن كېسىپ تاشلانغان قەدىناس يولدىشىڭىز
ئەركىن بىز بىلەن بىر دوختۇرخانىدا داۋالىـ
نىپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ھازىرقى يالغۇزلىقى ۋە
ھەسرەت ئەلەمىدىن قاتتىق ئېچىنىمەن. مەن
سىزنىڭ يەنىلا ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئېسىڭىزـ
دىن چىقىرىپ تاشلاپ، مۇھەببەتكە سادىق ئالىجاـ
ناپ خىسلىتىڭىزنى ئىپادىلەپ، سۆيۈملۈك قىـ
زىڭىز ساداقەتنى بىرگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى
بىر نۆۋەت يوقلاپ كېتىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىـ

مەن!

ھۆرمەت بىلەن سىزگە ناتونۇش بولغان:

ئەنۋەر: 1984 ـ يىل 15 ـ فېۋرال.

مەن خەتنى يېزىپ پوچتىدىن سېلىۋەتـ
كەندىن كېيىن، ئۆزۈمنى گويا ئېغىر بىر يۈكـ
تىن خالى بولغاندەك ھېس قىلدىم ۋە شۇ كۈنـ
دىن باشلاپ ئانچە ـ مۇنچە ئەركىننىڭ ياتىـ
قىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇـ
رىدىغان، چاي ـ پاي ئېلىپ كىرىپ قولۇمدىن
كېلىشىچە ياردەم بېرىپ تۇرىدىغان بولدۇم.
سىڭلىم رەيھانمۇ ئاستا ـ ئاستا ياخشى بولۇپ
قالدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن چاي ئېلىپ كىرىش
ئۈچۈن كارىدورغا چىقىشىمغا، ياندىكى ئىشىكتىن
مەڭزىلىرى ئالۇچىدەك قىپ ـ قىزىل، لەۋلىرى
نېپىز، قاڭشالىرى ئېقىپ چۈشكەندەك چىرايلىق
8ـ9 ياشلاردىكى بىر قىزنى يېتىلىگەن 25 ياشلار
چامىسىدىكى قارا قاش، زىلۋا بوي، بۇغداي
ئۆڭلۈك بىر چوكان ئىشىكتىن تىڭىرقىغان ھالـ
دا كارىدورغا كىرىپ كەلدى. مەن ئۇلارنى
كۆرۈپ دەرھال ئىككى ھەپتە بۇرۇن ئايشەمـ
گۈلگە يازغان ھېلىقى بىر پارچە خېتىم ئېسىمـ
گە كەلدى ـ دە، " بۇ شۇلارنىڭ ئۆزى بولۇپ
قالمىسۇن يەنە؟» دىگەن بىر خىيال چاقماق
تېزلىگىدە كاللامدىن ئۆچۈپ ئۆتتى. مەن قوـ
لۇمدىكى چايدانىنى باشقا بىرسىگە بېرىپ، بۇ
ئىككەيلەننى يىراقتىن كۆزۈتۈشكە باشلىدىم.
ئانا ـ بالا ئىككەيلەن ئەركىن ياتقان ياتاقـ
نىڭ ئالدىغا كەلگەندە، دوختۇر ئىشخانىـ
سىدىن چىققان بىر سېستىراغا ئۇچرىشىپ
قالدى ۋە ئۇنىڭدىن قانداقتۇر بىر نەرسىلەرـ
نى سوراشقا باشلىدى. دوختۇر شۇ ھامان قوـ
لى بىلەن ئەركىن ياتقان ياتاقنى كۆرسىتىپ
قويۇپ تاشقىرىغا ماڭدى.

مەن ئۇلار ياتاققا كىرىپ كەتكەندىن كېـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



يىڭ، كىشى قەلبىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدىغان بۇ كۈتمىگەن ئۇچرىشىشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن كەينىدىنلا ئۇسسۇپ كىرىشنى بىئەپ كۆرۈپ، قىيا ئېچىلغان ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۇلارغا سەپ سېلىپ قارىدىم: ئەركىن كۈتمىگەندە ياتاققا كىرىپ كەلگەن ئايالى بىلەن قىزىنى كۆرۈپ، دەسلەپ بىردىنلا ئېغىر ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئادەمدەك، دەرھال ياستۇقتىن بېشىنى كۆتەردى ـ دە، بىر ھازاغىچە ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمىگەن ھالدا ئولتۇرغان ئورنىدا قېتىپلا قالدى. كەينىدىن ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ئەجەپلىنىش ھېسسىياتى بىلەن بىردەم ئايشەمگۈلگە، بىردەم خېلى چوڭ بولۇپ قالغان ساداقەتكە قاراپ، پۇتىنىڭ ئاغرىقىنىمۇ قارىماي كارۋاتتىن يەرگە چۈشۈشكە تەمشەلدى. بۇ چاغ ئۆزىدىن 2 قەدەمچە نېرىدا قاراپ تۇرغان ئايشەمگۈل چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ، مۆرىسىدىن تۇتقان ھالدا تىترىگەن ئاۋازى بىلەن „ بولدى مىدىرلىماڭ، ساداقەت قېشىڭىزغا بارسۇن!» دەپ، خېلىدىن بېرى دادىسىدىن ھىتىقاپ تۇرغان ساداقەتنى ئەركىننىڭ ئالدىغا يېقىنراق ئېلىپ كەلدى ۋە ئىختىيارسىز كۆزىدىن دومىلاپ چۈشكەن ياشلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ يەرگە قارىۋالدى. ساداقەتمۇ ئۆزىدىن بېرى كۆرۈپ باقمىغان بۇ „ ناتونۇش » ئادەمدىن بىر ئاز ياتسىرىدىمۇ ياكى ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى كېسەللىك ئەھۋالى سەبى قەلبىنى ئەزدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپلا „ پاڭڭىدە » يىغلىۋەتتى. ئەركىنمۇ يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تاراملاپ تۆكۈلگەن كۆز يېشىنى سول قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتۈپ يەنە بىر قولى بىلەن ساداقەتنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن قاپ-قارا چاچ ئۆرۈملىرىنى توختىماي سىلاشقا باشلىدى ...

مەن بۇ تەسىرلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىچ-ئىچىمدىن خۇشال بولۇپ ياتاققا قايتتىم ۋە ئىختىيارسىز ئۆز ھاياجىنىمنى بېسىۋالالماي كۆزۈمگە ياش ئالدىم.

ئارىدىن بىر قانچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى ياتىقىمدا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغىنىمدا، ئەركىن ئۇشتۇمتۇتلا قولتۇق تايىقى بىلەن مېڭىپ قېشىمغا كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتتىمكى، ئولتۇرغان كارۋاتتىن سەكرەپ يەرگە چۈشۈپ: „ ئەركىن يېڭى قەدىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، ھەر نىمە بولسا مېڭىپ قاپسىز! » دەپ ۋاقىرىۋەتتىم. ياتاقتىكى باشقا كېسەللەرمۇ ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ياخشىلىنىپ قالغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەشتى.

ئەركىن ھەم خۇشاللىق ھەم خىجىللىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلدى ـ دە، ئوڭ قولىنى ئاستا مۆرەمگە قويۇپ:

— رەھمەت ئەنۋەر، سىزنىڭ دوختۇرخانىدا ماڭا بىر تۇققان قېرىنداشتىنمۇ چارە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆز قىزىم ۋە ئائىلەم بىلەن قايتا ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان سەمىمى ياردىمىڭىزنى ھەرگىز ئەستىن چىقارمايمەن، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ يىغا ئارىلاش تىترەپ چىققان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، گېپىگە ئۇلاپلا:

— سىز ماڭا نېمە ئۈچۈن رەخمەت ئېيتاتتىڭىز ؟ بۇ بىزنىڭ ئۆز ئارا بىر ـ بىرىمىزگە قىلىشقا تېگىشلىك ياردىمىمىزغۇ؟ — دەپ جاۋاپ بەردىم.

مەن ئەركىننى ئۆز يېنىمدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىۋېتىپ، يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ سەپ سالدىم ، ئەندى مېنىڭ ئالدىمدا بۇنـ

دىن 2 ئاي بۇرۇن كېيەل كارۋىتىدا ئۇچراتقان لەۋلىرىدە قان دىدارى يوق، جۇدەڭگۈ، غەمكىن چىراي ئەركىن ئەمەس، بەلكى يۈز - كۆزلىرىگە خېلىلا قان يۈگۈرۈپ قالغان، قاپ - قارا بۇرۇتى ئۆزىگە بىر چىرايلىق ياراشقان قاۋۇل، بەستىلىك بىر يىگىت كۈلۈپ-ئولتۇراتتى. ئۇ مەن بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ گەپ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ پات ئارىدا دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى، كەتكەندىن كېيىنمۇ، ماڭا داۋاملىق خەت يېزىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇنى ئاڭلاپ بىر ئاز ھەيرانلىق ھېس قىلدىم - دە:

— سىز ئەمدى نەگە قايتماقچى؟ - دەپ سورىدۇم.

— نەگە بولاتتى، - دىدى ئۇ قەتئى ئىشەنچ بىلەن قولىدىكى تاياقنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ، - ئۆز يۇرتۇم گۈلچەمەنگە. قىزىم ساداقەت تۇغۇلغان كونا ئۆيىمىزگە.

مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆز مۇھەببىتىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە ھەممىدىن ئايرىلغان؛ ھەتتا جىسمانىي جەھەتتىمۇ ئېغىر مەيىپ بولۇپ، يالغۇز ياشاش ئىقتىدارىنى يوقاتقان بىر بەختسىز ئەر ئۈچۈن يېڭىۋاشتىن شەپقەت قولىنى سۇنۇپ، كەلگۈسىدىكى ھەر قانداق جاپا - مۇشەققەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا تەييار تۇرغان ئۇنىڭ ئايالى ئايشەمگۈلگە يەنە بىر قېتىم ئۆز ئىچىمدە چەكسىز ئاپىرىن ئوقۇدۇم.

شۇ تەسنادا بىز ئولتۇرغان ياتاق ئىشىكى ئالدىدا ئايشەمگۈل بىلەن ساداقەتمۇ پەيدا بولۇپ قالدى. مەن ئۇلارنىڭ ئەركىننى ئۆزى ياتقان ياتاقتا ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلدىم - دە، دەرھال يانچۇغۇمغا قول سېلىپ، ئۇ ئۆتكەندە ماڭا بېرىپ تۇرغان ھېلىقى 100 يۈەن پۇلنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم، ئەركىن پۇلنى قولغا ئالمايلا تۇرۇۋالدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي: ئەركىن كۆڭۈللاردا " ھىساپلىق دوست ئايرىلماس» دىگەن بىر ماقال بار، بۇ پۇل سىزگە بۇندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ لازىم بولىدۇ، ئېلىڭ، دىگىنىمچە ئۇنىڭ مەيدە يانچۇغىغا مەجبۇرى سېلىپ قويدۇم.

× ×

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتكەندە، ئەركىندىن كۈتمىگەندە بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ ئۇنىڭ ماڭا يازغان 2 - خېتى ئىدى. ئەركىن بۇ خېتىدە، مېنىڭ ئۆزىگە قىلغان ھېلىقى ئەرزىمەس ياردىمىم ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئۆز يۈرەك تەشەككۇرىنى ئىزھار قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دوختۇرخانىدىن يېزىسىغا قايتىپ بېرىپ، يېڭىۋاشتىن ئايشەمگۈل بىلەن توي قىلىشقانلىقىنى، بۇ ئارىدا ئۈرۈمچىگىمۇ بېرىپ، سۇنئىي پۇتمۇ سالدۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، شۇنىدىن ئېتىۋارەن ئايشەمگۈل ئېتىز - ئېرىق، ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولسا، ئۆزىنىڭمۇ مەھەللىدە كىچىك بىر تىجارەت دۇككىنى ئېچىپ، بۇرۇنقى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ تىنچ، ئىناق، بەختلىك تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقانلىقىنى يېزىپتۇ. مەنمۇ بۇ خەتتىن كېيىن بۇ ئىككەيلەننىڭ ئۇزۇن يىللىق جۇدالىق ۋە ئەستىن چىقماس بەختسىزلىكتىن كېيىن، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن يېڭى ھاياتىغا ۋە ئاللاقاچان ئۆچۈپ قالغان ئۈمىت شامىنى قايتا نۇرلاندۇرغان پاك مۇھەببىتىگە يەنىمۇ زور بەخت، خوشاللىق، چىن ۋاپا، ساداقەت تىلەپ بىر پارچە جاۋاپ خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ يېڭى توي مەرىكىسىنى تەبرىكلىدىم.

# قەشقەر گۈلزارىدىكى خۇشناۋا بۇلبۇللار

ئازات زامانىمىز نۇرلۇق باھارى ئىلىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارىدا رەڭمۇ - رەڭ گۈل - چېچەكلەرنى ئېچىلدۇردى. جۈملىدىن ئالتۇن دىيارىمىز - گۈزەل قەشقەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدىمۇ مىسلىسىز گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. خەلق يۈرىكى بىلەن بىر رېتىمدا سوققان ھەر مىللەت يازغۇچى، شائىرلىرىمىز 30 نەچچە يىلدىن بېرى بولۇپمۇ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان زوق-شوق بىلەن قوللىرىغا قايتىدىن قەلەم ئېلىپ، ۋەتەننى، خەلقنى، پارتىيىنى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى قىزغىن كۈيلەيدىغان نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

بىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژورنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ۋىلايىتىمىزنىڭ 30 نەچچە يىللىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان بىر قىسىم پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش، ياش يازغۇچى شائىرلارنى، ئىلمىي تەتقىقاتچىلارنى قىسقىچە تونۇشتۇردۇق.

(بۇ تونۇشتۇرۇشنىڭ رەسىم ۋە ماتېرىياللىرىنى «شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى تۇردى مەتنىياز يەتكۈزۈپ بەرگەن)

— تەھرىردىن



## ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم

پېشقەدەم ئۆلىما، تارىخچى ۋە شائىر ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم 1900 - يىلى قەشقەر شەھىرى قازانچى كوچا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. قەشقەر ھېيتگاھ مەدرىسىدە ۋە زامانىسىنىڭ مۇدەررىسلىرىدىن ئەمەت ئاخۇن خەلپىتەمنىڭ ھوزۇرىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەپ، پارس تىللىرى، ئەدەبىيات، تارىخ بىلىملىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن. 1933 - يىلدىن ئازاتلىققا قەدەر قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مەھكىمەشەرئىيەسىدە قازى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم 30 - يىللاردىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئاتىسى قۇتلۇق ھاجىم (شەۋقى) بىلەن بىللە گېزىتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەرىپەت تارقاتقاندىن باشقا، ھەر خىل شەكىللەردە 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يازغان. ئەدىبنىڭ شىنجاڭ تارىخىنى يورۇتۇشتا مەلۇم ئىلمىي قىممىتى بار دەپ قارالغان تارىخى ئەسەرلىرىدىن بىرى «قەشقەر تارىخى» 1956 - يىلى شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ ئىختىيارىغا ئېلىنغان. مەزكۇر، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ قەۋرىسىنى ئېنىقلاشتا كۆپ كۈچ قوشقان. ئۇ ھازىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تارىخى پائالىيەتلىرى ئۈستىدە جىددى ئىزلەنمەكتە.



## قۇربان ئىمىن

پېشقەدەم شائىر قۇربان ئىمىن 1914 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئوقەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1937 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبى ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان.

ئۇ، 40 نەچچە يىلدىن بېرى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىن باشقا سەھنە ئەسەرلىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، بالىلار ئەدەبىياتى، نەسر ۋە ئەدەبىي ماقالىلارنى يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، جامائەت ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغان. ئازاتلىقتىن بۇرۇن «شىرىن» ناملىق شېئىرلار توپلىمى (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە) نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن قامال قىلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

پارتىيە 3 - ئومۇمى يىغىنىدىن كېيىن، شائىرنىڭ «تارىم غەزەللىرى»، «قەشقەر ئاۋازى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. يەنە «مېنىڭ ناخشام» ناملىق 3 - شېئىرلار توپلىمىنى نەشرىياتقا تاپشۇردى.

قۇربان ئىمىن ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

www.uyghurkitap.com



## نۇرمەھەممەت ئېركى ( ئۆز بېك )



پېشقەدەم شائىر مەرھۇم نۇرمەھەممەت ئېركى 1927 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە بىر زىيالى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1944 ـ يىلى « قەشقەر گېزىتى » باسما زاۋۇتىدا نابورچىك بولۇپ ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدا باشلىنىپ، " ئېركى " تەخەللۇسى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان. ئۇ ئازاتلىقتىن ئىلگىرى «قاينام ئۆركىشى غەزىلىگە مۇخەممەس»، «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش»، «ئاڭ» قاتارلىق شېئىرلىرى ئارقىلىق خەلقنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشكە ئۈندىگەن، ئازاتلىقتىن كېيىن، يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە ئىگە كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. ئۇ پېشقەدەم شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن تىلشۇناس ۋە چەت تىل ئەدەبىي تەرجىمانى ئىدى. ئۇ پارىس شائىرى ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرى بىلەن « تىببىي يۇسۇپى » ناملىق كىتاپنى پارىسچىدىن تەرجىمە قىلغان. 1983 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇنىڭ « بۇلبۇل ۋە باھار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. شائىر ھايات چېغىدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، « قەشقەر گېزىتى » نىڭ مۇھەررىرى ئىدى. ئۇ 1984ـ يىل 4ـ ئاينىڭ 14ـ كۈنى مېڭىگە قان چۈشۈش كېسىلى بىلەن بەختكە قارشى ۋاپات بولدى.

## مۇھەممەت ئىمىن توختىنىياز ( سوزۇك )



پېشقەدەم شائىر سوزۇك 1920ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرىيە ناھىيىسىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1929 ـ يىلى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن يەكەنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1943 ـ يىلى باشلانغان ۋە " سوزۇك" تەخەللۇسى بىلەن ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئازاتلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ " 4 كىشىلىك گۇرۇھ " تارمار قىلىنىپ، يېڭى باھار باشلانغاندىن بۇيان، قولىغا يېڭىۋاشتىن قەلەم ئېلىپ، سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي ئىجادىيەت بوستانىدا يېڭى ـ يېڭى گۈللەرنى ئېچىلدۇردى. شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىكلارنى ئۈلگە قىلىپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1983 ـ يىلى ئۇنىڭ " يادىگار " ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. ھازىر ئۇ 2ـ توپلام ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## ئابدۇرېھىم توختى



پېشقەدەم شائىر ئابدۇرېھىم توختى 1919 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ تارقۇت يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1937 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ھازىر قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە پېنسىيىگە چىققان.

ئۇ، 40 ـ يىللاردىن بۇيان كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ، بىر قىسمىنى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان. 1983 ـ يىلى شائىرنىڭ «ئۇچمەس تىلەكلەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. «مەنتىقۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى) نى نەشرگە تەييارلاپ «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلدى. «قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى «قەشقەر مائارىپى»دا ئېلان قىلىندى. ئۇ ھازىر ناۋايىنىڭ «مەھبۇبۇلقۇلۇپ» ئەسىرىنى جىددىي نەشرگە تەييارلىماقتا.

ئابدۇرېھىم توختى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## ھامۇت مەھمۇدى



پېشقەدەم شائىر ھامۇت مەھمۇدى 1924 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى قازانچى مەھەللىسىدە كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ ھازىر دەم ئېلىشقا چىقىپ، ئائىلىسىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماقتا.

شائىر قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، شېئىر ۋە دىراما يېزىشقا باشلىغان. دەسلەپكى شېئىرلىرى غۇلجا مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان. بىر قىسىم شېئىرلىرى ئالمۇتىدا بېسىلغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن. ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا بېغىشلانغان «تارىخى ساۋاق» دېگەن كىتاۋى غۇلجىدا نەشر قىلىنغان.

ئۇ ھازىر «ھەقىقەت كۈيلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى (ئىشقى)



پېشقەدەم شائىر مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 1914 ـ يىلى قەشقەر شەھرىدە تۇغۇلغان ، 1948 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان . 1980 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاخەلق دوختۇرخانىسىدىن پېنسىيىگە چىققان.

ئۇ ، 40 نەچچە يىلدىن بۇيان ، شېئىر ئىجادىيىتىدىن باشقا ھېكايە ، نەسىر ، سەھنە ئەسەرلىرى ، ئەسلىمە ۋە تارىخى خاتىرە قاتارلىقلارنى يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ، جامائەت ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولدى . شائىر ئازاتلىقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن « كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمدىن پارچىلار » ناملىق ھېكايە ۋە « نومۇس داغلىرى » ، « ئاچچىق كۈنلەر خاتىرىسى » ناملىق پوۋېستلارنى ، « ئازدۇرۇش كومېدىيىسى » ، « قۇتلۇق ھاجى شاۋقى » ، « ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە » ، « قەشقەردە 6 ـ فېۋرال ۋەقەسى » ، « روزەكباشى ھەققىدە ئەسلىمە » قاتارلىق تارىخىي خاتىرىلەر ، ئەسلىمىلەر ، ئىلمىي ماقالىلارنى يازدى. ھازىر « ئاچچىق كۈنلەر پاجىئەسىدىن پارچىلار » دېگەن ئەسىرى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

ئۇ ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## مۇھەممەت ئوسمان



پېشقەدەم تارىخچى ۋە ئەدىب مۇھەممەت ئوسمان 1924 ـ يىلى قەشقەر شەھرىگە تەۋە قىزىل دۆۋە يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1930 ـ يىلدىن 1939 ـ يىلغىچە قەشقەر مەدرىسلىرى ۋە دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇپ تىببى خادىم ، ئوقۇتقۇچى ، سودا خىزمەتچىسى بولغانلىقتىن ، مەدەنىيەت خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن .

1956 ـ يىلدىن ھازىرغىچە كۆزتۈپخانا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

مۇھەممەت ئوسماننىڭ ئىلمىي پائالىيىتى 1950 ـ يىللاردىن تارتىپ باشلانغان . ئۇ ئۆز ھاياتىدا تارىخ ۋە ئەدەبىياتقا دائىر بىر قانچە تارىخىي خاتىرىلەر ، ئەسلىمىلەر ، ئىلمىي ماقالىلارنى يازغاندىن باشقا « ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەپ ئەخلاقى توغرىسىدا » دېگەن كىتاۋىنى يېزىپ پۈتتۈردى .

مۇھەممەت ئوسمان قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى .

## مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق



پىشقەدەم تارىخچى ۋە ئەدىپ مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق 1926–يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە تەۋە ئوپال رايونىدا مەرىپەتپەرۋەر ئولىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 1941 – يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ ، ئۇزۇن مۇددەت مەدىنى مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان . ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش-باشقۇرۇش ئورنىدا ئىشلىمەكتە .

مۇھەممەت زۇنۇن ئۇزۇندىن بۇيان تارىخ ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ھېيتكا جامەسى ۋە ئۇنىڭ قىسقىچە تارىخى » ، « ھەزرىتى موللام – مەھمۇت قەشقەرى » ، « ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى » ، « مەھەممەت سىدىق بەرشىدى ۋە ئۇنىڭ " سىدىقنامە " ناملىق كىتاۋى ھەققىدە » ، « گۈلىستاندىن پارچىلار » قاتارلىق ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئارقا – ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان . ھازىر ئۇ « تارىخىي ئەمىنىيە» نى نەشرگە تەييارلىماقتا .

## تابىلدى ھوشۇر (تاجىك)



پىشقەدەم ئەدىپ تابىلدى ھوشۇر 1928 – يىلى تاشقورغاندىكى بىر چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئەدەبىيات – سەنئەتكە ھەۋەس باغلىغان. ئۇ 1956 – يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى، بېيجىڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئازسانلىق مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا تاجىك تىلىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇ تاجىك خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەپ ، ھازىرغىچە 84 پارچە تاجىك خەلق چۆچەكلىرى، 400 پارچىدىن ئارتۇق قوشاق ، بېيىت ، 200 پارچىدىن ئارتۇق تاجىك خەلق ماقال تەمسىللىرىنى توپلىدى . تاجىك ئەدەبىياتىغا دائىر مول ماتېرىياللارنى توپلاپ « تاجىك كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر بايان » ناملىق ئىلمىي ماقالىنى يازدى .

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ، مەملىكەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى .

www.uyghurkitap.com





## سىيىت زۇنۇن

يازغۇچى سىيىت زۇنۇن 1931-يىلى 9-ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئاياق تازغۇن داڭگالچى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. هازىر قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا ئىشلىمەكتە.

ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1955 - يىلى باشلانغان. تۇنجى ئەسەرى 1959 - يىلى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ كۆپلىگەن ھىكايىلىرى ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. 1982-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ھەقىقەت نۇرى» ناملىق ھىكايە ۋە ئوچېرىكلار توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» ناملىق كىتاۋى نەشىر قىلىندى. ئۇ هازىر «قىرىق بىرىنچى تاشمايماق» ھىكايىلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىماقتا.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.



## ئابلا ئەخمىدى

يازغۇچى ئابلا ئەخمىدى 1935 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئېگىز ئېرىق بېشى مەھەللىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھازىر ئۇ «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى.

ئابلا ئەخمىدى 1958 - يىلى ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇ ھازىرغىچە بىر قىسىم شېئىر، ھىكايە، ۋە ئوچېركلارنى ئېلان قىلدى. 1982 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «يول ئۈستىدە» ناملىق ھىكايىلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. بۇ يىل قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «بۇزۇلغان قەسەم» ناملىق يەنە بىر ھىكايىلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. ئۇ ھازىر «يىللار» ناملىق رومانى ئۈستىدە 2 - قېتىملىق تۈزىتىش ئېلىپ بارماقتا.

ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## ھوشۇر ئىبراھىم



شائىر ھوشۇر ئىبراھىم 1937 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ناچۇق يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1951 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا باشلانغان. شۇندىن بۇيان ئۇ ھازىرغىچە كۆپلىگەن شېئىر، داستانلارنى ۋە بىر قانچە پارچە ھىكايە، دىرامىلارنى يازدى. شائىرنىڭ 1981 - يىلى «چېلىش تەنتەنىسى»، «باھار ئىشقى» ناملىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە "قەلب كۈيى" ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشرىياتقا سۇنۇلدى. ئوقۇتۇش ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ تۈزۈپ چىققان «يېزىقچىلىق بىلىملىرى» ناملىق كىتاۋى بېسىلىپ تارقىتىلدى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## ئابدۇسەمەت خېلىل



شائىر ئابدۇسەمەت خېلىل 1937 يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شەيخباغ يېزىسىدا بىر دېھقان ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1954 - يىلى يەكەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىنى پۈتتۈرۈپ، يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى، «يەكەن گېزىتى» ئىدارىسىدا مەدەنىيەت خادىمى، تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

شائىر ئابدۇسەمەت خېلىلنىڭ تۇنجى شېئىرى 1952 يىلى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. شۇندىن بۇيان ئۇ «زەرەپشان»، «ياشلىق كۆچۈپتۇ»، «لەيلىگۈل» قاتارلىق نۇرغۇن شېئىر، باللادا، داستانلارنى يازدى. 1982 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇنىڭ «زەرەپشان» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. شۇ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «زەرەپشان چېچەكلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com



## مەمتىلى زۇنۇن



شائىر ۋە دىراماتورگ مەمتىلى زۇنۇن 1939 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى «ساقىيە» مەھەللىسىدە بىر تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ھازىر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە كەسپىي ئىجادىيەتچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1952ـ يىلى باشلانغان. 1955 ـ يىلىدىن ئېتىۋارەن ئەسەرلىرى مەتبۇئاتتا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ 30 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا كۆپلىگەن شېئىر، داستان، باللادا ناخشا تېكىستلىرى ۋە ھىكايە، دىراممىلارنى يازدى. 1979 ـ يىلىدىن بۇيان ئۇنىڭ «گۈلمەھرى» «ۋىسال سەھرى»، «كارۋان ناخشىسى» قاتارلىق توپلاملىرى ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىندى. ئۇ يېقىندا يەنە بىر دىراممىلار توپلىمى، بىر ھىكايىلار توپلىمىنى نەشرگە بەردى. ئۇ يازغان «ئۈچ نەۋقىران» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىندى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى.

## ئابلىمىت ھاجى



يازغۇچى ئابلىمىت ھاجى 1937 ـ يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئوڭېرىق يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1953 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ھازىر قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ، نۇرغۇن شېئىر ۋە ھىكايىلارنى يازدى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «چېلىش تەنتەنىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «تۇتىيا» ناملىق ھىكايىلار توپلىمى، «ئاتا ئىزىدىن» ناملىق پوۋېستى، «قەمبەرنىسا» ناملىق شېئىر ۋە داستانلار توپلىمى، «خەت-چەكلەر ساۋادى» ناملىق كىتابلىرى ھەر قايسى نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئۇ، ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.



## مىرزاھەمت كېرىمى

شائىر مىرزاھەمت كېرىمى 1939 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قەشقەر شەھرىگە تەۋە تاربۇغۇز كەنتىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

مىرزاھەمت كېرىمىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا باشلانغان. 1956 ـ يىلدىن باشلاپ گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇ ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ «ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق»، «لاچىن ھەققىدە باللادا»، «ھېيتكادا ھېيت كۈنى»، «بىباھار تۇپراق» قاتارلىق شېئىر ـ داستانلارنى يېزىپ جامائەتچىلىك ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. 1982 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇنىڭ «ئالتۇن ئاچقۇچ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. 1984 ـ يىلى شائىر «قاناتلانغان تىلەك» ناملىق شېئىر ۋە داستانلار توپلىمىنى نەشرگە بەردى. ھازىر «جۇدالىق» ناملىق يىرىك ئەسەرى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

شائىر مىرزاھەمت كېرىمى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## ھاجى ئەخمەت



شائىر ھاجى ئەخمەت 1942 ـ يىلى قەشقەر شەھرىگە تەۋە كۆكئېرىق يېزىسىدا دىخان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1958 ـ يىلدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ھازىر «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى.

ئۇ، 20 نەچچە يىلدىن بۇيان كۆپلىگەن شېئىر ۋە نەسرى ئەسەرلەرنى يازدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «ۋىسال ئارزۇسى»، «ئۆچمەس يۇلتۇزلار» شېئىرى توپلاملىرى بىلەن «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا»، «دىگىز ئۇنچىلىرى» قاتارلىق ئىلمىي ـ نەزەرىيىۋى كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ، ئاممە بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ھاجى ئەخمەت ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن قىزغىن شۇغۇللىنىپ، «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى (بالىلار ئۈچۈن)»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىگەن) قاتارلىق كىتابلىرى بېسىلىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا «قارغوجا»، «ھاياتقا مۇھەببەت»، «ئالما كۆچىتى» قاتارلىق 6 پارچە ئەسىرى مىللىي باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى.

شائىر يېقىندا بالىلارغا دائىر ئەسەرلىرىنى «چولپان» نامى بىلەن بىر توپلام قىلىپ نەشرىياتقا تاپشۇردى. «قىيان» ناملىق ھىكايە ـ نەسىرلەر توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاش ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە. ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## ئابلىمىت سابىر




يازغۇچى ئابلىمىت سابىر 1939 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەشمەكا كوچىسىدا ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، هازىر قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ.

ئابلىمىت سابىرنىڭ ھىكايە ئىجادىيىتى 1957 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «كېيىنكى پۇشايمان» ناملىق ھىكايىسى بىلەن باشلانغان. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ، «بەخت»، «ھەسرەت»، «باھاردىن كېيىن» قاتارلىق 40 پارچە ھىكايىسىنى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. 4 پارچە ھىكايىسى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. 1982 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «بىخ» ناملىق ھىكايىلار توپلىمى نەشر قىلىندى، ئۇ هازىر ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ھىكايىلار توپلىمىنى نەشرگە تاپشۇردى.

ئابلىمىت سابىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.


## ئابلىز ئۆمەر



شائىر ئابلىز ئۆمەر 1942 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە قوغان رايونىنىڭ موللازادە كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1958 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئەسەرلىرى مەتبۇئاتتا كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ئۇ هازىر «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ.

ئۇ، 20 نەچچە يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك گېزىت ـ ژورنال، ئالمۇناخلاردا كۆپلىگەن شېئىر، ھىكايە، نەسر، ئوبزورلارنى ئېلان قىلدى. 1983 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئۆمۈر ئىزلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئۇ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



## ئابدۇرېھىم ئىسمايىل

شائىر ئابدۇرېھىم ئىسمايىل 1940 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . هازىر يېڭىسار ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە .

ئۇ 1957 ـ يىلى « قەشقەر گېزىتى » دە بېسىلغان « كەتمەننى بىر قولۇمدا » ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا كىرگەن ، ئۇ ئۆزىنىڭ 20 نەچچە يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا كۆپلىگەن شېئىر ، داستان ، باللادا ۋە مەسەللەرنى يازدى . بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى .

شائىرنىڭ « چىمەنزار » ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى 1982 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . ئۇندىن كېيىن شېئىر ۋە داستانلار توپلىمى بىلەن باللا ئۈچۈن يازغان نەسرى مەسەللەر توپلىمىنى نەشرىياتقا تاپشۇردى .

ئۇ ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى .

## ئۇچقۇنجان ئۆمەر



شائىر ئۇچقۇنجان ئۆمەر 1945ـ يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن . 1957 ـ يىلدىن باشلاپ شېئىرلىرى مەتبۇئاتلاردا كۆرۈنۈشكە باشلىغان. هازىر " قەشقەر ئەدەبىياتى" ژورنىلىنىڭ مۇھەررىرى .

ئۇ، 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ، ھەر دەرىجىلىك گېزىت ژورناللاردا كۆپلىگەن شېئىر ، ئوبزور ، ئەدەبىي تەرجىمە ۋە ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلدى . 1984 ـ يىلى ئۇنىڭ « چەشمىلەر » ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى .

ئۇچقۇنجان ئۆمەر يەنە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ، رەتلەش ، تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، « ئۇيغۇر خەلق تارىخى قوشاقلىرى » ، « سەلەي چاققان لەتىپىلىرى » ( بۇ كىتاپنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىمۇ ئېلان قىلىندى ) دېگەن كىتاپلارنى نەشر قىلدۇرۇپ ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى .

شائىر يېقىندا باللارغا ئاتاپ يازغان «غۇنچىلارغا مۇبارەك» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى، ئۇنىڭدىن باشقا توپلاپ، رەتلىگەن «ئۇيغۇر بۇلبۇللىرى»، «يۇمۇرلار» «ئازاتلىق قوشاقلىرى» قاتارلىق توپلاملارنى نەشرىياتقا تاپشۇردى . ئۇ، هازىر «دەۋر ئۇچقۇنلىرى» ناملىق 2 ـ شېئىرلار توپلىمى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمىنى جىددىي ئىشلىمەكتە.

ئۇچقۇنجان ئۆمەر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



## ئەسقەر ھۈسەيىن



شائىر ئەسقەر ھۈسەيىن 1938 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ سىم تاغ كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات پاكولتېتىدا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ، 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇ كۆپلىگەن شېئىر ۋە ئىلمىي ماقالىلارنى يازدى.

ئۇنىڭ يولداش ۋاھىتجان غوپۇر بىلەن بىرلىشىپ ئىشلىگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنماقتا. ئۇ، يەنە بىر شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىدى.


## سەمەت دۇگايلى



يازغۇچى سەمەت دۇگايلى 1947 ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، ھازىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

سەمەت دۇگايلى 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، گېزىت-ژۇرناللاردا كۆپلىگەن ھېكايە، نەسىر، دراما، شېئىر ۋە ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. «رابىيە ـ سەيدىن»، «ئامانىسا» قاتارلىق درامىلىرى سەھنىدە ئوينالدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئۇنىڭ «جۇشقۇن ئېقىم» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى، «غۇنچەم» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. «نۇرلۇق قەلبلەر» ناملىق رومانىنى نەشرىياتقا بەردى. ھازىر «ئانار پىشقان ۋاقىتتا»، «ھايات بورانلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو دراما تورگىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



## جېلىلى

شائىر جېلىلى (ئابدۇجېلىل تۇرسۇن) 1940 ـ يىلى 11ـ ئايدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدىكى يورۇڭقاش رايونىغا قاراشلىق ئالتىلە يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھازىر «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىرلىك ۋە مۇخبىرلىق بىلەن شۇغۇللانماقتا.

شائىرنىڭ ئىجادىيىتى 1959 ـ يىلى باشلانغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە كۆپلىگەن شېئىر، داستان ۋە ھېكايىلارنى يازدى. شائىرنىڭ «يۈرەك ئۇچقۇنلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1983 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ۋە قەشقەر ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## مۇھەممەتسىدىق تۆمۈرى



شائىر مۇھەممەتسىدىق تۆمۈرى 1942 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە دۆلەتباغ يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھازىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1958 ـ يىلدىن باشلانغان. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، شېئىر، ھېكايە، نەسر ۋە بالىلار ئۈچۈن فانتازىيىلىك ھېكايىلارنى يېزىش بىلەن شۇغۇللاندى، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى، ئۇنىڭ «شاتلىق ناۋاسى»«ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى»، «قالىغاچ»، «يېزىقلىق بىلىملىرى» قاتارلىق كىتابلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

مۇھەممەتسىدىق تۆمۈرى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ۋە جۇڭگو ئالىي مەكتەپلەر يېزىقچىلىق جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

www.uyghurkitap.com





## تۇرسۇن نىياز

شائىر تۇرسۇن نىياز 1940 ـ يىلى پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى غولتوغراق رايونى بەش تۈپ كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى.

ئۇ، 1960 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. شۇندىن بۇيان جاپالىق ئىزدىنىپ 200 پارچىغا يېقىن شېئىر، 12 پارچىغا يېقىن ھىكايە ـ نەسىرلەرنى يازدى ۋە بۇ ئەسەرلىرىنى «ئۇزۇنسەپەر ناخشىلىرى» (شېئىرلار توپلىمى) ۋە «گۈل لوڭقىسى» (ھىكايىلار توپلىمى) ناملىق توپلام قىلىپ تۈزەپ نەشرىيات ئورۇنلىرىغا تاپشۇردى. «ئەگرى شاخنىڭ تەقدىرى» قاتارلىق 3 پارچە مەسەلى شۇ ناملىق مەسەللەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. ھازىر «روبائىيات» توپلىمى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

تۇرسۇن نىياز قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



## ئابدۇرېھىم سابىت

ئەدىب ۋە تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم سابىت 1943 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى كىتابلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسىدا «قەدىمقى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» ژورنىلىنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلىمەكتە.

ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1960 ـ يىلىدىن باشلانغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىر ۋە ئىلمىي ماقالىلىرى ئاپتونوم رايون ۋە يەرلىكتە نەشر قىلىنىدىغان گېزىت ـ ژورناللاردا ئېلان قىلىنغاندىن تاشقىرى «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق تۆت توملۇق كىتابى قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلۇپ تارقىتىلدى. ئۇ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



## نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا (ئۆزبېك)

شائىر نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا 1948 ـ يىلى يەكەن شەھرىدە ئۇقۇمۇشلۇق دىنى ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1960 ـ يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ھازىر يەكەن بازارلىق ھۆكۈمەت قارىمىغىدىكى مىللىي شىپاخانىدا ئىشلەيدۇ. ئۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان گېزىت ژۇرناللاردا نۇرغۇن شېئىر ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلدى. كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاپ رەتلەپ، «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» «جامئۇل ھىكايەت» قاتارلىق كىتابلارنى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ئۇ تەييارلاپ نەشرگە بەرگەن «خەستە شېئىرلىرى»، «كەلىلە ـ دەمنە» قاتارلىق كىتابلار ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



## ۋاھىتجان غوپۇر

ياش شائىر ۋاھىتجان غوپۇر 1951 ـ يىلى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاۋات كەنتىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى ـ «ئاچقاندا ۋاراق» 1964 ـ يىلى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئۇ ھازىرغىچىلىك نۇرغۇن شېئىر، داستان، مەسەللەرنى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى. بىر قىسىم شېئىرلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىدى. بۇنىڭدىن باشقا «مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئۆچمەس نامايەندە»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە سۆزدە گۈزەل بولۇش» قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلارنى يېزىپ، بىر قىسمىنى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ئۇنىڭ يولداش ئەسقەر ھۈسەيىن بىلەن بىرلىشىپ يازغان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» ناملىق كىتابى ھازىر مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنماقتا. بۇندىن باشقا ئۇ يەنە شېئىرلار، شېئىرىي مەسەللەر، ئىلمىي ماقالىلار توپلىمىدىن ئىبارەت 3 كىتابىنى نەشرگە تەييارلىدى.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

www.uyghurkitap.com



## ئابلەمەت ئىسمائىل



ئابلەمەت ئىسمائىل 1939 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھازىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، «قىرائەتخانىدا» ناملىق تۇنجى ھىكايىسى 1957 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. شۇندىن بىرى ئۇنىڭ بىر قىسىم ھىكايە، ئوبزور، ئىلمىي ماقالىلىرى كىتاپخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇ ھازىر « ئۇيغۇر ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى » ناملىق كىتابىنى نەشرگە تەييارلىدى. « جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى» ناملىق كىتاۋىنىڭ 1 - قىسمى نەشىردىن چىقىش ئالدىدا تۇرماقتا. ئۇ جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەم جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## ئابلىكىم روزى



شائىر ئابلىكىم روزى 1946 - يىلى ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ دىخانلار يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھازىر « قەشقەر گېزىتى » ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىرلىك ۋە مۇخبىرلىق قىلماقتا .

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا باشلانغان. 1962 - يىلىدىن باشلاپ ئەسەرلىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاساسەن بالىلار ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئىجات قىلدى. شائىرنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «قالىغاچ» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1984-يىلى نەشر قىلىندى. «ئۆسمۈرلەر ئارزۇسى » ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرىيات ئورۇنلىرىغا بەردى. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## تاھىر تالىپ




شائىر تاھىر تالىپ 1945 ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يامانيار رايونسېغىزلىق يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھازىر «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىرلىك قىلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلىرى 1960 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ھازىرغىچىلىك ھەر خىل گېزىت ـ ژورناللاردا كۆپلىگەن شېئىر، ھېكايە، ئوچېركلىرى ئېلان قىلىندى، «يولغۇن چېچەكلىرى» قاتارلىق 3 پارچە شېئىرى «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىدا ئېلان قىلىندى. ئۇ ھازىر «چوكانيار» ناملىق تارىخىي داستان ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## دىلبەر قەييۇم




ياش شائىرە دىلبەر قەييۇم 1958 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر «قەشقەر ئەدەبىياتى»نىڭ مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى 1980 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. شۇندىن بۇيان شائىرەنىڭ بىر قىسىم لىرىك شېئىر، باللادا ۋە ھېكايىلىرى ھەر قايسى گېزىت ـ ژورناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئايال ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاساس قىلىپ تۈزگەن «سوت ئۈستىدە» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى 1984 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «تامچە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى پات ئارىدا كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. ئۇ، ھازىر ئۆزىنىڭ «ئانا» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

دىلبەر قەييۇم جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






## ھۇسۇيۇن تالىپ

يازغۇچى ھۇسۇيۇن تالىپ 1942 - يىلى قەشقەر شەھرىدە تۇغۇلغان. ھازىر يېڭىسار ناھىيىلىك رادىيو ئۆزىكىدە ئىشلىمەكتە.

1960 - يىلى ئۇنىڭ تۇنجى ھېكايىسى «ئىززەتخان» «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» (تارىم) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ 10 نەچچە پارچە ھېكايىسى گېزىت - ژۇرناللاردا ۋە «بەخت»، «كىشىلەر» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىدا ئېلان قىلىندى. بىر ھېكايىلار توپلىمىنى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىغا تاپشۇردى. ھازىر «رازىۋەتچىلىك» ناملىق پوۋېستى ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.



## نۇردۇن مۇسا

شائىر نۇردۇن مۇسا 1942-يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئېتىرباغ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1955 - يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ھازىر قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

ئۇ، 20 نەچچە يىلدىن بۇيان كۆپلىگەن شېئىر، ھېكايە، نەسىرلەرنى يازدى، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» ناملىق كىتاۋىنى نەشرىياتقا سۇندى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 - يىلى ئۇ توپلاپ رەتلىگەن «ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى» نى نەشر قىلدى. ئۇنىڭ «قىزىل گۈل ناخشىسى» ماۋزۇسىدىكى بىر قىسىم شېئىرلىرى بىرلەشمە توپلامغا كىرگۈزۈلدى. ھازىر ھېكايىلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاش ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

نۇردۇن مۇسا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.



## ئۆمەر ئىسمايىل

شائىر ئۆمەر ئىسمايىل 1947 ــ يىلى يەكەن ناھىيىسىدىكى بەشكەن گۆكشىپ باغىرىق يېزىسىدا دېخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھازىر «يەكەن گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1960 ــ يىلدىن باشلانغان. ئۇ يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان «قىساس ئوتى»، «بەختى راۋاپنىڭ ناخشىسى»، «قەيسەر كوممۇنىست»، «بۇ قانداق باشلىق»، «يىغىن خۇمارى» قاتارلىق شېئىر، باللادىلارنى يازغان. ئۇ «ھەجۋى شېئىرلار» ناملىق توپلامنى نەشرگە تەييارلىدى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.



## ماھىگۈل پەخىردىن

يازغۇچى ماھىگۈل پەخىردىن 1944 ــ يىلى ئۇستۈن ئاتۇشنىڭ ئىكىساق يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەكتە.

ئۇ 1960 ــ يىللاردىن بۇيان ھىكايە ئىجادىيىتىگە قىزىقىپ، يېزىشقا كىرىشكەن. 1981 يىلدىن باشلاپ ئۇنىڭ «نۇرانەم»، «ئەختەرنى كىمگە بېرەر»، «سىزىك»، «ئارمىنىغا يەتكەن قىز» قاتارلىق ھىكايىلىرى ئارقا ــ ئارقىدىن «تارىم»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىندى. ۋە «سوتتا»، «كىشىلەر» ناملىق ھىكايىلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ھىكايىلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاش ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

ماھىگۈل قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئابدۇللا ياقۇپ



شائىر ئابدۇللا ياقۇپ 1947 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچى ئاق مەچىت مەھەللىسىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر يېڭىسار ناھىيە ماڭشىن ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چېغىدا باشلانغان. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى «تاغ سۈيى» 1962 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. 1962 ـ يىلدىن ھازىرغىچە 350 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، باللادىلارنى يازدى.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

## قاۋسىلقان قامجان



ئەدەبىي ئوبزورچى قاۋسىلقان قامجان 1941 ـ يىلى تولى ناھىيىسىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ 1960 ـ يىللاردىن باشلاپ يېزىشقا كىرىشكەن. 1976 ـ يىلدىن ئېتىۋارەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلاپ، ھازىرغىچە «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى»، «ئەدەبىي ئوبزور ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولى»، «تاڭجارىق شېئىرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى»، «غۇنچەم دىراممىسىنىڭ بەدىئى ئالاھىدىلىگى توغرىسىدا» قاتارلىق 70 پارچىدىن ئارتۇق ئەدەبىي ئوبزور ۋە ئىلمىي ماقالىلارنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى گېزىت ـ ژورناللاردا ئېلان قىلىپ، كىتاپخانلارغا تونۇلدى. ئۇنىڭ تۇنجى «ئوبزورلار» توپلىمى 1984 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. «قەلەم» ناملىق ئىككىنچى ئوبزورلار توپلىمىنى تەييارلاپ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىغا تاپشۇردى.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەربى تەدبىرلەر توغرىسىدا ①

« قۇتادغۇ بىلىك » نىڭ تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغانلىقىغا بېغىشلايمەن

تۇرغۇن ئالماس

## كىرىش

9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان بىر تارىخى مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ھاياتىدا شانلىق بىر دەۋر بولدى .

شۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار دۇنياغا يۈسۈپ خاس دەك ئۇلۇغ دانىشمەن پەيلاسوپ ۋە ئاجايىپ تالانتلىق شائىرنى ، مەھمۇت قەشقەرىدەك ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىمنى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى ( 870 ـ 1212 ) ميلادىنىڭ 1000 ـ يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرلەشكەن ، كۈچلۈك ، باي ۋە مەدەنى بولغان سامانىلار دۆلىتىنى ( 870 ـ 1000 ) تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى ئۆزىگە قوشۇپ ئالغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇندىن باشلاپ قارا خانىلار دۆلىتىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ( يېزا ئىگىلىك ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ، چارۋىچىلىق ) تەرەققى قىلىشى ، تاشقى سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ناھايىتى كەڭ مىقياستا غۇلاچ يېيىشى، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۈچىيىشى ( بولۇپمۇ مۇسۇلمان شەرقى بىلەن ) مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە سەۋەپ بولدى .

ميلادىنىڭ 930 ـ يىلى سىتوق بۇغراخان مۇسۇلمان بولغاندىن باشلاپ، ئىسلام دىنى ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتىدە ھۆكۈمران دىن سۈپىتىدە ئورۇن ئالدى . شۇندىن باشلاپ قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەر ۋە بالا ساغۇنغا مۇسۇلمان شەرقىدىن مەشھۇر ئالىملار جەلپ قىلىندى. قەشقەر، بالا ساغۇن قاتارلىق شەھەرلەردە ئالى بىلىم يۇرتلىرى تەسىس قىلىندى . ئالى بىلىم يۇرتلىرىدا قەدىم يونانىنىڭ ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان پەلسەپىسى ( پىلاتون ، سوقرات، ئارىستوتىل ئەسەرلىرى)، تىبابەت ئىلمى ( ھىپپوكىرات ـ لوقمان ) ئىستىتىكاسى ، ماتېماتىكا، ئەدەبىيات پەنلىرى ئوقۇلدى ۋە تەتقىق قىلىندى . قارا خانىلار پادىشالىرىدىن سىتوق بۇغرا-

خان ( مىلادىنىڭ 930 ـ يىلىدىن 956 ـ يىلىغىچە پادىشا بولغان ) ھەسەن بۇغراخان(مىلادىنىڭ 1063 ـ يىلىدىن 1070 ـ يىلىغىچە پادىشا بولغان ) مۇھەممەت ئارسلانخان ( مىلادىنىڭ 1102 ـ يىلىدىن 1132 ـ يىلىغىچە پادىشا بولغان ) لار ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئالاھىدە ئېتىۋار بەرگەن .

يۇقۇرىدىكى سەۋەپلەرگە كۆرە 11 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى گۈللەپ ـ ياشناپ ، ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئەڭ يۇقۇرى، پەللىگە كۆتۈرۈلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ « قۇتادغۇ بىلىك » داستانى ، « تۈركى تىللار دىۋانى » قاتارلىق شانلىق ئۆلمەس ئەسەرلىرى مانا شۇ دەۋردە مەيدانغا كەلدى.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا مەدەنىيىتى ئىتالىيە شائىرى دانتى (1265 ـ 1321 ) نىڭ «ئىلاھى كومېدىيە » سى ئارقىلىق گۈللەش دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى نامايىش قىلغان بولسا ، ئۇيغۇرلار دانتىنىڭ « ئىلاھى كومېدىيە » سى مەيدانغا چىقىشتىن 3 ئەسىر بۇرۇن ( 11 ـ ئەسىردە) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ « قۇتادغۇ بىلىك » داستانى ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ « تۈركى تىللار دىۋانى » ئارقىلىق پەلسەپە تارىخ ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە دەۋر بۆلگۈچ ئىجادىي دانىشمەنلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسەتتى .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ( تەخمىنەن 1018 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1070 ـ يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن) قارا خانىلارنىڭ يازلىق پايتەختى بالا ساغۇندا تۇغۇلغان . ئۇ باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا ، ئالى بىلىمنى شۇ جايدا ئالغان بولۇشى مۇمكىن . ئۇ « قۇتادغۇ بىلىك » داستانىنى قەشقەردە يېزىشقا باشلاپ،186 ئايدا تاماملىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئېيتىشىچە داستاننى مىلادىنىڭ 1069 ـ يىل ياكى 1070 ـ يىلى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان . يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاننى يېزىپ بولۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن .

ئۇ ياشىغان مەزگىل بىرلەشكەن ، كۈچلۈك قارا خانىلار دۆلىتى ئىككىگە ـ شەرقىي ۋە غەربىي قارا خانىلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن چاغ ئىدى . مىلادىنىڭ 1040 ـ يىللىرىغا كەلگەندە سەمەرقەندە تۇرۇپ قارا خانىلار تېررىتورىيىسىنىڭ غەربى قىسمىنى ئىدارە قىلىدىغان ( ئاساسەن ماۋرائۇننەھرنى ) ئېلىك خانى ئىلى تېكىننىڭ ۋارىسلىرى مۇستەقىل بولۇشقا بەل باغلاپ ، قارا خانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە بويسۇنۇشتىن باش تارتقان ئىدى. بولۇپمۇ ئىبراھىم تاۋغاچ بۇغراخان غەربى ئېلىك خانى بولغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 1050 ـ يىللىرى ) ئەھۋال تېخىمۇ جىددىيلەشكەن ئىدى . ئۇ ئۆزىنى " تاۋغاچ قارا خان » ئۇنۋانى بىلەن ئاتىدى . ئۇنىڭ " تاۋغاچ قارا خان » ئۇنۋانىنى ئېلىشى قارا خانىلارنىڭ بۇغراخانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ، ئۆزىنى كۆرۈنۈشتىلا قەشقەردىكى بۇغراخانغا بويسۇنغۇچى خان قىلىپ كۆرسەتكەنلىك ئىدى . چۈنكى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى " تاۋغاچ » سۆزى تەۋە ھەم بويسۇنغۇچى مەناغا ئىگە ئىدى . شۇنداق بولىشىغا قارىماي پامىر ، ئالتاي تاغلىرى چېگرا بولۇپ قارا خانىلار دۆلىتى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى .

غەربى قارا خانىلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسىگە دەسلەپ ماۋرا ئۇننەھرلا كىرەتتى . كېيىن پەرغانە ۋادىسىنىڭ غەربى قىسمى قوشۇۋېلىندى . ئىككى دۆلەت كۈچىنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئاجىز-

لىشىشىغا ئەگىشىپ چېگرا سىزىقى ئۆزگۆرۈپ تۇراتتى . غەربى قارا خانىلارنىڭ پايتەختى سەمەرقەند ئىدى .

توغرول ( تىكىن ) بۇغراخان (1063 ـ 1049 ) ئىبراھىم تاۋغاچ بۇغراخانىنىڭ مۇستەقىللىق ھەركىتىگە جىددى ۋە ئەمەلىي چارە قوللانداي، ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرگىنىگە قانائەت ھاسىل قىلىش بىلەنلا چەكلەندى . چۈنكى ئۇ ئەخمەق ، دۆت ، راھەتپەرەس ، قابىلىيەتسىز ئادەم ئىدى .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قارا خانىلار دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، ئاخىرى ھالاك بولۇش خەۋپىگە ئۇچرىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ ، دۆلەتنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش نىيىتىگە كېلىپ « قۇتادغۇ بىلىك » داستانىنى يازغان ۋە ئۇنى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ پادىشاسى ھەسەن بۇغراخانغا 1069 ـ يىلى تەقدىم قىلغان .

ھەسەن بۇغراخان قارا خانىلار تارىخىدا ناھايىتى ئاتاقلىق پادىشا بولۇپ ، باغدات خەلىفىسى ئۇنىڭغا "ئادالەت ۋە دىننى قوغدىغۇچى" ، " دىنىنىڭ شۆھرىتى " ، "شەرق پادىشاسى " قاتارلىق نامىلارنى بەرگەن . ئۇ پادىشالىق قىلغان چاغلاردا ( 1070 ـ 1063 ) قەشقەرنىڭ مەدەنىيىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا گۈللەپ ـ ياشنىغان ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ « قۇتادغۇ بىلىك » داستانىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىشىمۇ تاسادىپى ئەمەس ئىدى .

« قۇتادغۇ بىلىك » داستانىنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلىم ـ پەننىڭ كۆپ ساھەسى بويىچە ( پەلسەپە ، ئىجتىمائى ۋە تەبىئى پەن قاتارلىقلارنىڭ ھەممە تۈرلىرى بويىچە ) ئۆز زامانىسىغا يارىشا مۇكەممەل ، ئەتراپلىق چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە دانىشمەن، تەكىدىشى ئاز تېپىلىدىغان ئالىم سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ .

بۇ ماقالەمدە « قۇتادغۇ بىلىك » دەپ ئاتىلىدىغان سۈيى مەڭگۈ ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرىدىغان سۈپ ـ سۈزۈك دەريانىڭ ئاستىدا ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ چاقناپ تۇرغان ھەددى ھېسابسىز ئېسىل گۆھەر ، ياقۇت ، مەرۋايىتلارنىڭ بىر دانىسى توغرىسىدا توختالماقچىمەن . ئۇ «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەربى تەدبىرلەر توغرىسىدا » دىن ئىبارەت .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ « قۇتادغۇ بىلىك » داستانىدا دۆلەتنى ئېقىللىق ، بىلىملىك ، ئەخلاقلىق ، قابىلىيەتلىك ئادەملەر بىلەن قانۇن ( ئادالەتنى ئاساس قىلغان ) ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغاندىن تاشقىرى قىلىچ (ھەربى كۈچ) ئارقىلىق باشقۇرۇشنىمۇ ئالغا سۈرىدۇ. مەسىلەن : داستانىنىڭ 286 ـ بېيتىدە مۇنداق دېيىلگەن :

قىلىچ بىرلە كەسسۇن يېغى بويىنىنى،
قانۇن بىرلە تۈزسۈن ئېلى ـ خەلقىنى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ « قۇتادغۇ بىلىك » داستانىدا ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، خېلى سىستېمىلىق ھەربى تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان .

بۇنداق ھەربى تەدبىرلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە بولسىمۇ ناھايىتى ئۇزە ھالدا بايان قىلماقچىمەن .

www.uyghurkitap.com



# I قوشۇننىڭ تەركىبى توغرىسىدا

قەدىمقى زاماندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆتكەن دۆلەتلەر بىلەن ھازىرقى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئىچكى توپىلاڭنى باستۇرۇش، تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ۋە بۆلمەكتە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، قارا خانىلارنىڭ قوشۇنلىرى، ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى، ئالاھىدە قوشۇن، خان جەمەتىگە مەنسۇپ قوشۇنلار بىلەن بەگلەر ۋە دۆلەتنىڭ باشقا ئەمەلدارلىرى باشقۇرىدىغان قوشۇنلار، دۆلەتكە تەۋە قەبىلەرنىڭ خانلىرى باشقۇرىدىغان قوشۇنلاردىن تەركىب تاپقان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ چۈشەندۈرگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئوردىنى كۈندۈزى مۇھاپىزەت قىلىدىغان قاراۋۇللارنى «تۇرغاق» (قوۋۇقچى) كېچىسى مۇھاپىزەت قىلىدىغانلارنى «ياتىقاق» (گۈزەتچى) دەپ ئاتىغان. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى بېيىتتە مۇنداق دېيىلگەن:

608. قوۋۇقچى، گۈزەتچى بىلەن كۈن ۋە تۈن،
بولۇپ قىلدى خىزمەت ئۇ سادىق پۈتۈن.

بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇرۇش ۋاقتىدا قاراخانىلار بۇغراسى تىڭ قارار گاھىنىڭ ئەتراپىدا تۇرىدىغان قوماندانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، قوشۇنلارنىڭ چېچىلىپ كەتمەسلىكى، بۇيرۇقسىز چېكىنىپ كەتمەسلىكىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان «يورتوغ» (قورۇغداش قىسمى) دەپ ئاتىلىدىغان قىسىم تەشكىل قىلىناتتى. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۆۋەندىكى بېيىتتە مۇنداق دەيدۇ:

2586. قوماندان قورۇغداش توپى قورغۇلۇق،
يېغىپ ئالدى - كەينىرەتكە سالغۇلۇق.

2587. كىچىكلەر ئۇلۇغلار ئارا كىرمىسۇن،
يىراقتا يۈرۈچى يېقىن كەلمىسۇن.

2588. ئىچۈك بولسا سارايدا قوپۇش - ئولتۇرۇش،
كېرەكتۇر بۇ يەردە ھەم شۇنداق بولۇش.

بۇنداق قوشۇننىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى قارا خانىلار بوغرالىرىنى قوغداش ئىدى. بۇ ئالاھىدە قوشۇننىڭ سانى 12 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپىدىغانلىقى مەلۇم. غەربىي قاراخانىلار (1040 - 1212) نىڭ بوغراسى مۇھەممەت ئارسىلان خاننىڭ ئالاھىدە قوشۇنى 12 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان ئىكەن. ②

قارا خانىلارنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ قوشۇنلىرى بىلەن بەگلەر ۋە دۆلەتنىڭ باشقا كىشىلىرى باشقۇرىدىغان قوشۇنلار، قەبىلە خانلىرى باشقۇرىدىغان قوشۇنلار ئەھۋالغا قاراپ بەزىدە ئۆز ئالدىغا ياكى بىرلىكتە ئۇرۇش ھەركەتلىرىنى ئېلىپ باراتتى.

خان جەمەتىدىن بولغان شاھزادىلار كۆپىنچە ئىلىك خانلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ دۆلەتنىڭ مەلۇم رايونلىرىدا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئىلىك خانلار بەزىدە ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايونغا چەتتىن ھۇجۇم بولۇپ قالغاندا، ئۆزى باشقۇرۇپ تۇرغان قوشۇن بىلەنلا دۈشمەنگە تاقابىل تۇراتتى. مىلادىنىڭ 1018 ـ يىلى قىتانلار (كىدانلار) دۆلىتى (مىلادىنىڭ 916 ـ يىلىدىن 1211 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) يۈز مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئالتايدىن ئۆتۈپ يەتتە سۇغا ھۇجۇم قىلغاندا، بالا ساغۇندا تۇرىدىغان قارا خانىلار شاھزادىسى شىمالى ئىلىك خان تورغان بەگ بالا ساغۇننىڭ شىمالىدىن بەش كۈنلۈك يىراقلىقتىكى جايدا قىتانلارنى تارمار قىلغان، ئۇلارنى ئۆز دۆلىتى تېررىتورىيىسىگىچە قوغلاپ بارغان.

مىلادىنىڭ 1008 ـ يىلى غەزنە ۋىلەر (مىلادىنىڭ 963 ـ يىلىدىن 1186 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) سۇلتانى مەھمۇت غەزنەۋىنىڭ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغانلىقىدىن پايدىلانغان قارا خانىلار، غەزنە ۋىلارنىڭ ئافغانىستان، خوراسان رايونلىرىغا بېسىپ كىرىپ، شۇ جايلارنى ئۆز دۆلىتى تېررىتورىيىسىگە قوشۇپ ئالماقچى بولغان. شۇچاغدا قارا خانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەردە تۇرىدىغان بۇغراسى يۈسۈپ قىدىرخان، قارا خانىلارنىڭ شىمالى ئىلىك خانى تۇغان بەككە، غەربى ئىلىك خانى ئىلى تىگىنگە (بۇ سەمەرقەندتە تۇراتتى) ۋە قاراخانى بەگلىرى، خانلىرى (قەبىلە ئاقساقاللىرى) غا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى ئامۇر دەريا ئارقىلىق ئافغانىستانغا ئۆتىدىغان جايغا توپلۇنۇشنى بۇيرىغان. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا يۈسۈپ قىدىرخان ئۆزى باش بولۇپ بارغان بولسىمۇ، كابۇلنىڭ جەنۇبىدىكى " كەتەر " دىگەن سايدا بولغان ئۇرۇشتا قارا خانىلار مەغلۇپ بولغان. يۈسۈپ قىدىرخان قاراخانى قوشۇنلىرىنى بەلخقە چېكىندۈرۈپ كېلىپ ئىنتىزام بىلەن ئامۇ دەريادىن ساق سالامەت ئۆتكۈزۈپ كەتكەن.

شۇ ئۇرۇشتىن كېيىن قارا خانىلار بىلەن غەزنە ۋىلار ئارىسىدا بىتىم نامە تۈزۈلۈپ، ئامۇ دەريا چېگرا قىلىپ بەلگىلەنگەن. شۇندىن باشلاپ ئىككى دۆلەت قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت ئورنۇتۇپ ئۇزاق مۇددەتكىچە ئىناق ياشىغان.

## II قوشۇننىڭ سان ـ سۈپىتى ۋە قوراللىرى توغرىسىدا

### 1. قوشۇننىڭ سان ـ سۈپىتى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا، ئۇرۇش تارىخىنىڭ ناھايىتى مول تەجرىبىلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىللار ئىچىدە قوشۇن جەڭگىۋارلىقى، قوشۇننىڭ سانى ئەمەس سۈپىتى، قوراللارنىڭ خىللىقى، قوماندانىنىڭ تالانتى قاتارلىق ئامىللارنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويغان.

ئۇ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدا مۇنداق دەيدۇ :

2333. قوشۇن سانى كۆپ بولسا باشسىز بولۇر،
قوشۇن بولسا باشسىز يۈرەكسىز بولۇر.

2336. كۆپ ئەسكەر يىغىلسا ئىچى بۇلغۇشۇر،
تۈزەپ بولماس ئۇنى، يارامسىز بولۇر.

ئېھتىمال ئۇ يەنە كۆپ سانلىق قوشۇننى تەمىنلەشتە خەلق ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىنىمۇ كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك، ئەگەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق جەمىيەتتە هۆكۈم سۈرگەن خانلىق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەر قوشۇننىڭ سۈپىتىگە ئېتىبار بەرمەي، يالغۇزلا سانىغا كۆڭۈل بۆلۈپ نۇرغۇن سانلىق قوشۇن ساقلايدىغان بولسا، ئۇچاغدا قوشۇننى تەمىنلەشتە خەلق ئۈستىدىكى يۈك تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس هاجىپ قوشۇننىڭ سۈپىتى توغرىسىدا توختالغاندا، قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى، باتۇرلىقىنى، جاسارىتىنى نەزەردە تۇتىدۇ. قانداق بولمىسۇن ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئېزىز ۋەتىنى، خەلقى ئۈچۈن ئۇرۇشىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن جەڭچى، ناهايىتى خوشال خورام، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئۇرۇشقا بارىدۇ.

يۈسۈپ خاس هاجىپ مانا شۇنداق باتۇر جەڭچىنىڭ سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئۇرۇشقا كىرىدىغانلىقىنى ناهايىتى ئوبرازلىق ئوخشۇتۇش بىلەن تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ :

2380. كىلىن قىز سۆيۈنچى نىكا تويى كۈنى،
باتۇرنىڭ سۆيۈنچى جەڭ قىلغان كۈنى.

يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى قوشۇننىڭ كۆپلىگى ئەمەس، بەلكى سانى ئاز بولسىمۇ خىل ( جەڭگىۋار، باتۇر، قوراللىرى ساز ) قوشۇننىڭ هەل قىلىدىغانلىقىنى كەسكىن هالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ :

2340. كۆپىدىن ئېزى خوپ، بولسا مۇنتىزىم،
يېڭىلغان سانى كۆپ چېرىك كۆپ قېتىم.

دۇنيادا ئۆتكەن مەشھۇر ئىستىراتېگىيىلىك، تاكتىكىلار قوشۇننىڭ كۈچىنى سانى بىلەن ئەمەس، ئۇنىڭ مەنىۋى كۈچى ( جەڭگىۋار روهى ) ۋە مۇنتىزىملىقى بىلەن ئۆلچەرلەشنى ئاساسى ئورۇنغا قويغان.

دۇنيانىڭ قەدىمقى چاغدىن تارتىپ هازىرغىچە بولغان ئۇرۇش تارىخى، روهى ئۈستۈن، مۇنتىزىم باتۇر ئاز سانلىق خىل قوشۇننىڭ، روهى تۆۋەن، ئىنتىزامى بوش، كۆپ سانلىق قوشۇن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى توغرىسىدا كۆپ پاكىتلارغا ئىگە.

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز خىللانغان ئاز سانلىق قوشۇن بىلەن دۈشمەننىڭ كۆپ سانلىق قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىشتەك شانلىق نەمۇنىلارنى ياراتقان .

مىلادىنىڭ 757 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ خېيبېيدە تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىرى ئۇڭلۇك بىلەن سويگۇن ( ھەر ئىككىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى تۈرك ) ئىسيان كۆتەرگەن . ئۇلار بىر نەچچە يۈز مىڭ قوشۇننى باشلاپ خېيبېيدىن غەرپكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ ، لوياڭ، شىئەننى ئېلىپ تاڭ سۇلالىسىنى ( 618 - 907 ) ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا تاس - تاماس قالغان. شۇنداق پەيتتە، تاڭ سۇلالىسى پادىشاسى سۇزوڭ ، ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 646 - يىلىدىن 846 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ) نىڭ خاقانى بايانچور ( مىلادىنىڭ 747 - يىلىدىن 758 - يىلىغىچە خاقان بولغان ) نىڭ ھوزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىسيانىنى باستۇرۇشقا ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان . تاڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرى بايانچور تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئېغىر شەرتلەرگە ماقۇل بولغاندىن كېيىنلا ئۇيغۇرلار ئۈچ قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ ئىسيانىنى باستۇرغان . شۇ چاغدا ئورخۇندىن ھەر قېتىم كەلگەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بەش مىڭ بولۇپ ناھايىتى كۆپ سانلىق تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ ئىسيانىنى باستۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان . مانا شۇ بەش مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ئۇيغۇر قوشۇنى ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ دائىمىي مۇنتىزىم قوشۇنلىرىنىڭ ئىككى يېرىم پىرسەنتىگە ئاران تەڭ كېلەتتى. چۈنكى ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى ئىككى يۈز يىگىرمە بىر مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان ئون يەتتە ئاتلىق دىۋىزىيە ( ھەر بىر دىۋىزىيىدە ئون ئۈچ مىڭ جەڭچى بار ئىدى ) دىن ئىبارەت ئىدى .

قەدىمقى چاغلاردا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق دۈشمەن ئۈستىگە تەپ تارتماستىن ئېتىلىپ بېرىپ، غەلىبە قىلىدىغان ئاجايىپ جەڭگىۋار ئەنئەنىگە ئىگە ئىدى .

ئۇلۇغ سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىگە چاغرى بەگنىڭ ئوغلى ئالىپ ئارسلان( سەلجۇق بەگنىڭ ئەۋرىسى ) ئىمپېراتور بولۇپ تۇرغان چاغلاردا ( 1063 - 1072 ) سەلجۇقلار بىلەن شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى ( 394 - 1451 ) ئارىسىدا دۇنيا تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن ئالغان " مالازگىرد " ئۇرۇشى يۈز بەرگەن .

مىلادىنىڭ 1071 - يىلى ئۆزىنى تەڭدىشى يوق ھەربىي سەركەردە دەپ ئاتىغان روما ئىمپېراتورى رومان دىئوگېنىس سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنى ( مىلادىنىڭ 1037 - يىلىدىن 1157 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ) يوقۇتۇپ ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى بېسىپ ئېلىشقا بەل باغلىغان ، ناھايىتى كۈرەڭ ، مەغرۇر رومان دىئوگېنىس مانا شۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1071 - يىلى 13 - مارتتا ئىككى يۈز مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان شەرقىي روما (تارىختا ۋىزانتىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قوشۇنلىرىنى باشلاپ كونىستانتىنوپولدىن (ھازىرقى ئىستانبۇلدىن ) شەرققە قاراپ يولغا چىقىپ ، 26 - ئاۋغۇستتا ھازىرقى ئەرمىنىستاندىكى ۋان كۆلىنىڭ شىمالىدىكى مالازگىرد قورغانىنىڭ يېنىدىكى دالىغا يېتىپ كەلگەن . روما قوشۇنلىرىنىڭ يۈكلىرى ئۈچ مىڭ ھارۋا ، بىر نەچچە تۆمەن تۆگە ئاتلارغا يۈكلەنگەن . روما قوشۇنلىرىدا بىر مىڭ ئىككى يۈز كىشى باشقۇرىدىغان ئاجايىپ قورال— شەھەر سېپىللىرىگە چىقىشتا ئىشلىتىلىدىغان مەنجانىقمۇ بار ئىدى .

سەلجۇق ئىمپېراتورى ئالىپ ئارسلان رومان دىئوگېنىسنىڭ شۇنداق چوڭ قوشۇننى باشلاپ ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ، ئەللىك مىڭ ئاتلىق ، پىيادە قوشۇننى ئې—

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىپ مالاز گىيرد دالىسىغا يېتىپ كېلىپ ، روما قوشۇنلىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ سەپ تارتقان .

ئۇرۇش بولىدىغان كۈنى ( بۇ جۈمە كۈنى ئىدى ) ئەتىگەندىن كېيىن خىرىستىيان پوپلىرى كىرىستنى كۆتۈرۈشۈپ ، ئاۋازلىرىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ ھۆكۈرۈشۈپ ، روما قوشۇنلىرىنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ بولۇشىنى ئەيسادىن تىلەپ ، ئىنجىلدىن مۇقەددەس ئايەتلەرنى ئوقۇشقان .

ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا ئالىپ ئارىسلان ئات ئۈستىدە ناھايىتى خاتىرجەم، سۈرلۈك قى- ياپىتىدە تۇرۇپ، بولغۇسى ئۇرۇشنىڭ تاكتىكىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلىشىنى كۆزدىن كۆچۈرگەندىن كېيىن، سەلجۇق قوشۇنلىرىنى روما قوشۇنلىرىغا ھوجۇم قىلىشقا ماڭدۇرغان . ئىككى تەرەپتىن بىر - بىرىگە قارشى كېلىۋاتقان ئىككى چوڭ قوشۇن خۇددى دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنىدەك كۆتۈرۈلۈپ كېلىپ بىر - بىرلىرىگە ئۆزلىرىنى ئۇرغان . كەچ كىرىشكە ئاز قالغاندا ، ئالىپ ئارىسلان باشچىلىقىدىكى سەلجۇق قوشۇنلىرى روماللىقلار ئۈستىدىن تولۇق غەلىبە قازانغان ، ئالىپ ئارىسلان يارىدار بول- غان رومان دىيككىنىسىنى تىرىك تۇتۇۋالغان . ئامان قالغان روما قوشۇنلىرى قورال تاشلاپ سەل- جوقلارغا تەسلىم بولغان .

تارىختا " مالاز گىيرد " قورغانىنىڭ نامى بىلەن " مالاز گىيرد ئۇرۇشى " دەپ ئاتالغان شۇ ئۇرۇشتا ئالىپ ئارىسلاننىڭ شەرقىي روما ئىمپىرىيىسى ئۈستىدىن قازانغان ئالەمشۇمۇل شان- لىق غەلىبىسىنىڭ خەۋەرلىرى شەرق ۋە غەرپ دۇنياسىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان ، بولۇپمۇ خى- رىستىيان دۇنياسى ۋەھىمە ئىچىدە قېلىپ ، خۇددى كەچ كۈزدە سارغىيىپ تۆكۈلگەن دەرەخ يو- پۇرمىقىدەك تىترىگەن .

، مانا شۇ " مالاز گىيرد ئۇرۇشى" ئازسانلىق جەڭگىۋار قوشۇننىڭ كۆپ سانلىق قوشۇن ئۈس- تىدىن غالىپ كېلىدىغانلىقىنىڭ جانلىق مىسالى.

2 . قوشۇننىڭ قورالى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ « قۇتادغۇ بىلىك » داستانىدا ، قوشۇننى ناھايىتى خىل قوراللار بى- لەن قوراللاندۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ، ئۇنى تۆۋەندىكى بېيىتىدە بايان قىلىدۇ:

2332. كېرەكمەس كۆپ چېرىك، چېرىك خىل كېرەك،
چېرىككە خىللانغان خىل قورال كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەلۇماتىغا كۆرە ، قاراخانىلارنىڭ قوشۇنلىرى ئىشلىتىدىغان قورال- لار: ئوقيا ، پالتا ، نەيزە ، خەنجەر ، قىلىچ ، ئۈمۈت ، ساۋۇت ، قالقان ، دوبۇلغا (باش كىيىم) دىن ئىبارەت بولغان . بۇ قوراللارنىڭ ئىچىدىن ئوقيا ، قىلىچ ، پالتا ، نەيزە، خەنجەر، ئۈمۈت ( چوماق ) ھۇجۇم قىلىش قوراللىرى بولۇپ ، ساۋۇت ( زەنجىر چاپان) قال- قان، دوبۇلغا قاتارلىق قوراللار مۇداپىئە قىلىش قوراللىرىدىن ئىبارەت ئىدى .

قاراخانىلار دەۋرىدە ، قوشۇننىڭ قوراللىرىنى ناھايىتى سۈپەتلىك قىلىپ ياسايتتى. قىلىچ، پالتا ، خەنجەر قاتارلىق قوراللار سۈپەتلىك يۇقىرى پولاتتىن ياسىلاتتى .

تارىخى مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا ، ئۈمۈت قاراخانىلار قوشۇنلىرىنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلى- شىدا ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق قورالى ئىكەن .

١

ئومۇت ( چوماق) ئىككى خىل بولۇپ ، بىر خىلى قاراخانىلار بۇغرالىرىنىڭ شان ـ شەۋكىتىنى ، سەلتەنىتىنى دوست ـ دۈشمەن ئالدىدا نامايان قىلىش ئۈچۈن ئالتۇن ، كۈمۈشتىن ياسىلاتتى . يەنە بىر خىلى بولسا ئۇرۇشتا قوللىنىدىغان ئەمچەكلىك چۆيۈن ئومۇت ( چوماق ) دىن ئىبارەت بولغان .

قاراخانىلار ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇماتىدا ، غەربىي قاراخانىلارنىڭ بۇغراسى خىزىر تاۋغاچ بۇغراخان (1081 ـ 1080) قوشۇنلىرى ئالدىدا ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن قۇيۇلغان يەتتە يۈز ئومۇتلۇق ( چوماقلىق ) ئاتلىق قىسىمنى ماڭدۇرغان ئىكەن. ③

غەربىي قاراخانىلارنىڭ بۇغراسى ناسىر ( II ) تاۋغاچ بۇغراخان ( شەمسۇل مەلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) ئۇلۇغ سەلجۇقلارنىڭ ئىمپېراتورى مەلىك شاھقا ( مىلادىنىڭ 1072 ـ يىلىدىن 1092 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان ) ئەلچى ئارقىلىق يازغان مەكتۇبى بىلەن قوشۇپ 50 پاتمان④ ئېغىرلىقتىكى بىر ئومۇت ، 10 پاتمان ئېغىرلىقتىكى بىر قىلىچنى ئەۋەتىپ بېرىپ مۇنداق دىگەن : " بىز بۇ قىلىچ بىلەن ئۇرۇشمايمىز ، ئوينايمىز ، بۇ ئومۇت تەككەن ھەرقانداق ساۋۇت پارە ـ پارە بولۇپ كېتىدۇ . بىز مانا شۇ ئومۇت بىلەن سوقۇشىمىز ". ⑤ مەلىك شاھ ( سەلجۇق بەگىنىڭ چەۋرىسى ) ناسىر تاۋغاچ بۇغراخاننىڭ تەھدىت سېلىپ يازغان مەكتۇبىدىن يوقۇرىدىكى سۆزلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، دەرھال ـ ئاتقا مىنىپ، ئومۇتنى باش ئۈستىدە يەتتە قېتىم ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى مىڭ قەدەم يىراقلىققا تاشلىۋېتىدۇ . ئاندىن كېيىن مەلىك شاھ قىلىچنى بىر ئۇرۇپلا تۆگىنىڭ بويىنىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتكەن . ئۇ يۇقۇرىدىكى ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ناسىر تاۋغاچ بوغراخان ( مىلادىنىڭ 1068 ـ يىلىدىن 1080 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان ) نىڭ ئەلچىلىرى ئالدىدا ئوقيانى تاشلاپ ، " بىزگە ئۇرۇشتا قامچا بىلەن ، يا كۇپايە قىلىدۇ" دىگەن .⑥

يۇقۇرىدىكى پاكىتلارغا قارىغاندا ، ئومۇت قاراخانىلارنىڭ ئاساسلىق ئۇرۇش قورالى ئىكەنلىگى مەلۇم .

## III ئۇرۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇرۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا سۆزلىگەندە، بىر قاتار تەشكىلى ئىشلار ۋە ئۇرۇشنىڭ ئىستىراتىگىيە ، تاكتىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك جىددى تەدبىرلەر توغرىسىدا تەپسىلى توختالغان . بۇنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا بۆلۈپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن .

### 1 . ھەربى كېڭەش چاقىرىش

قاراخانىلار ھەر قانداق بىر ئۇرۇشنى قىلىشتىن بۇرۇن ھەربى كېڭەش چاقىراتتى . بىر دۆلەت بىلەن بولىدىغان ئۇرۇش ، ئۇرۇشقۇچى دۆلەتلەرنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ناھايىتى خەتەرلىك چوڭ ۋەقە ئىدى . بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ:

2272 . ناھايەت چوڭ ئىشتۇر قوشۇن باشلىماق،
تۈزەپ لەشكىرىن ، ياۋنى قىرىپ تاشلىماق.

شۇڭا قارا خانىلار ھەربى كېڭەش چاقىرىپ ، ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرىسىدا ئەتراپلىق چوڭقۇر ئويلۇنۇپ بىر قارارغا كېلەتتى .
ئەگەر ھەربى كېڭەشتە ئۇرۇش قىلىش قوبۇل قىلىنسا ، ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان قوشۇنلارنىڭ سانى ، ئۇرۇشنى باشلاشنىڭ ۋاقتى ، كىمنىڭ باش قوماندان بولىشى قاتارلىق مۇھىم ئىشلار بىر تەرەپ قىلىناتتى .

ھەربى كېڭەشكە قارا خانىلارنىڭ بۇغراسى ، شاھزادىلار ، مەشھۇر بەگلەر ، چوڭ قەبىلە ( قارلۇق ، چىگىل ، ئوغراق ، توقسى قاتارلىق قەبىلىلەر ) لەرنىڭ خانلىرى قاتنىشاتتى .
كۆپ چاغلاردا ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى قارا خانىلارنىڭ بۇغراسى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى .

2 . ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇن تەشكىل قىلىش

ئۇرۇشتا قارا خانىلارنىڭ بۇغراسىنى قوغداش ۋە قوشۇنلارنىڭ تەرتىپ ئىنتىزامىنى ساقلاش ئۈچۈن ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇن تەشكىل قىلىناتتى . بۇنداق قوشۇن " پورتۇغ " (قورۇغداش) دەپ ئاتىلاتتى.
قارا خانىلارنىڭ بۇغرالىرى قوشۇن باشلاپ ئۇرۇشقا ماڭغاندا، قوشۇننىڭ ئالدىدا ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇن بۇغراخاننى ئارىغا ئېلىپ ماڭاتتى .
ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇن قارا خانىلارنىڭ دۆلەت بايرىقىنى — ئوتتۇرىسىغا بىر تەرىپىدە ئالتە ، بىر تەرىپىدە ئۈچ شېخى بار ئالتۇن رەڭلىك ئارچا چۈشۈرۈلگەن توق قىزىل شايى بايراقنى ، بۇندىن باشقا بايراقلار ، تۇغلار ، ئالتۇن ، كۈمۈشتىن قۇيۇلغان ئومۇتلار ( چوماقلار ) نى كۆتۈرۈشۈپ ، تولۇق قوراللانغان پېتى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ھالدا مېڭىشاتتى.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇننىڭ ئۈستىگە ئالغان ئىشىنى، مۇھىم مەسئۇلىيەتنى تۆۋەندىكى بېيىتلەردە ئېنىق چۈشەندۈرگەن.

2344 . قوشۇننى ساقلىسۇن، قىلسۇن مۇنتىزىم،
كېيىن ۋە ئىلگىرى يۈرمىسۇن ھېچكىم.

2374 . ئىشەنچىلىك كىشىنى قوي ئالدىن، كېيىن،
بېكىت ئوڭ ـ سولۇڭغا يەنە باشقىدىن.

2586 . قوماندان قورۇغداش توپى قورغۇلۇق،
يىغىپ ئالدى ـ كەينىن رەتكە سالغۇلۇق.

2587 . كىچىكلەر ئۇلۇغلار ئارا كىرمىسۇن،
يىرّاقتا يۈرۈپچى يېقىن كەلمىسۇن.

2588 . ئىچۈك بولسا سارايدا قوپۇش ـ ئولتۇرۇش،
كېرەكتۇر بۇ يەردە ھەم شۇنداق بولۇش.

### 3 . دۈشمەن ئەھۋالىنى بىلىش ۋە ئۆزىنىڭ سىرىنى چىڭ ساقلاش

ھەر قانداق ئۇرۇشتا ، دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى پۇختا ، راست ئىگەللىگەندىن تاشقىرى ، ئۆزىنىڭ سىرىنى چىڭ ساقلاشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

قاراخانىلار ئۇرۇشقا مېڭىشتىن بۇرۇن تۆرلۈك يوللار ( دۈشمەن ئىچىگە ئەۋەتكەن جاسۇس ـ لار ، دۈشمەن ئىچىدىن سېتىلىپ كەتكەن ساتقۇنلار ) ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغاندىن تاشقىرى ، ئۇرۇشقا كىرىشىدىغان ئالدىنقى كۈنلەردە دۈشمەن ئەھۋالىنى ئېنىق ئىگەل ـ لەش ئۈچۈن " تۇتقاق " ⑦ ۋە " يەزەك " ⑧ دەپ ئاتىلىدىغان ئاتلىق چارلىغۇچى ، خەۋەرچى قىسىملار تەشكىل قىلاتتى.

بۇنداق قىسىم ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن دۈشمەننىڭ ئالدىنقى چارلىغۇچى قىسىملىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ ، قاچسا شىددەت بىلەن قوغلاپ " تىل " ⑨ تۇتۇپ كې ـ لەتتى . " تىل " ئارقىلىق دۈشمەن ئەھۋالى ئىگەللىنەتتى . " تىل " تۇتۇپ كېلىدىغانلار " تۇت ـ قاق " دەپ ئاتالسا . دۈشمەن ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرىدىغانلار " يەزەك " دەپ ئاتىلاتتى .

بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۆۋەندىكى بېيىتلەردە مەلۇمات بېرىدۇ:

2342 . كېرەك چارلىغۇچى قىسىم خىللىماق،
قولاق ـ كۆزنى ساقلاپ، يىراق قارىماق.

2343 . چارلاۋچى ئۇچراشسا تۇتقاقا يېتىپ،
ھۇجۇمنى قىلسۇن ئۇ ئارقىدىن بېرىپ.

2351 . ئىلىك ئاۋال ئىرىشىپ تىل ئالماق كېرەك،
بۇ تىلدىن ياۋ ھالىنى بىلمەك كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ سىر ساقلاش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

2350 . قورشۇنىنى كۆزەتسۇن، ئۇ تىل بەرمىسۇن،
قوشۇن ئازمۇ ـ كۆپ ياۋ ئۇنى بىلمىسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



### 4 . ئۇرۇشىدىغان جاينى تاللاش

ئەزەلدىن تارتىپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغۇچىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر ۋەزىپىسى ئۇرۇشىدىغان جاينى تاللاش ئىدى .

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆرسىتىشىچە ، ئۇرۇشىدىغان جاي مۇداپىئەلىنىشكە ، چېكىنىشكە ئەپلىك ، ئوت ـ چۆپ ، سۈيى مول بولۇشى شەرت.

ئۇرۇشىدىغان جاي تاللانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇۋاپىق بىر يېرىگە قارار گاھ ( قوماندانلىق شىتاۋى ) جايلاشتۇرۇلىشى ، قارار گاھقا يېقىنراق بولغان ئېگىز بىر جايغا مۇنار ياسىلىشى لازىم ئىدى . ئەگەر كېچىسى دۈشمەن تەرىپىدىن بىرەر خەۋپ سېزىلىپ قالسا دەرھال مۇنار ئۈستىگە مەشئەل يېقىلىپ پۈتۈن قوشۇن ئاياق ئۆرە تۇرغۇزۇلاتتى.

بۇندىن باشقا كېچىسى پارول قوللۇنۇلاتتى . ئەگەر كېچىسى قوشۇن چۇشۇرۇلگەن ۋە قارار گاھ ئورۇنلاشقان جايلارنىڭ ئەتراپىدا ئىككى كىشى ئۇچرۇشۇپ قېلىپ ، ئۇلاردىن بىرى پارولنى بىلمىسە ، شۇ ئۆلتۈرۈلەتتى.

### 5 . كېچىدە قىلىدىغان ھۇجۇم

بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز ئۇرۇش ھەركەتلىرىدە ، دۈشمەنگە كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن . كېچىسى قىلىدىغان ھۇجۇم ئىشەنچلىك ، باتۇرلۇق بىلەن قىلىنسا ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقۇرى بولاتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ « قۇتادغۇ بىلىك » داستانىدا ، دۈشمەنگە كېچىسى ھۇجۇم قىلىشنى ، دۈشمەننى يوقۇتۇشنىڭ ئەڭ ياخشى تەدبىرى سۈپىتىدە تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

2361 . تىرىش، غەپلەتتە قوي، كېچە قىل ھۇجۇم،
كېچىدە كۆپ ـ ئازلىق بىلىنمەس چوقۇم.

دۈشمەنگە كېچىسى ھۇجۇم قىلىشنىڭ ھەققەتەن ناھايىتى ئوبدان ئۈنۈم بىرىدىغانلىقىغا بىر ئىككى مىسال كەلتۈرىمىز.

بىرىنچى مىسال : مىلادىدىن 91 يىل بۇرۇن ھون تەڭرىقۇتى غۇلغو تەڭرىقۇت ( مىلادىدىن 96 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 85 يىل بۇرۇنقى چاققىچە تەڭرىقۇت بولغان ) ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىدىكى توغلار دەرياسىنىڭ ( ئۇرخۇن دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى) جەنۇبى قىرغىقىدا بولغان بىر ئۇرۇشتا قارشى تەرەپنىڭ 70 مىڭ ئاتلىق قوشۇنىغا كېچىسى 50 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارنى تولۇق تارمار قىلغان ، قارشى تەرەپنىڭ باش قوماندانىنى تىرىك تۇتۇۋالغان . بۇ ئۇرۇش قەدىمقى چاغنىڭ ئۇرۇش تارىخىدا ناھايىتى يۇقۇرى ئورۇندا تۇرىدۇ .

ئىككىنچى مىسال : مىلادىنىڭ 765 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ئەرباپلىرىدىن بىرى ـ بوكوقەيىن ( ئۇيغۇر ـ ئا ) ئىسيان كۆتۈرۈپ ، تىبەت خانلىقىنى تاڭ سۇلالىسىغا قارشى كۈشكۈرتۈپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ ، بىر نەچچە يۈز مىڭ قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ ، شىئەنگە ھۇجۇم قىلىپ ، تاڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان.

باشتا بۇ ئىسيانىنى قوللىغان ئۇيغۇر — ئۇرخۇن خاقانلىقىنىڭ خاقانى بوكۇتكىنىنىڭ قېرىندىشى ئالپ قولۇق ياغلاقارتىكىن ئىسيانچىلاردىن ئايرىلىپ تاڭ سۇلالىسىغا ياردەم بېرىدۇ. شۇ چاغدا، ئالپ قولۇق ياغلا قارتىكىن ئون مىڭغا يەتمەيدىغان ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بىلەن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ تىبەت قوشۇنلىرىغا قارشى ماڭىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگەن تىبەت قوشۇنلىرى ھازىرقى نىڭشياغا چېكىنىپ كېتىدۇ. يۈز مىڭ ئاتلىق تىبەت قوشۇنلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن ئالپ قولۇق ياغلا قارتىكىن، قار، بوران ئارىلاش چىقىۋاتقان شىۋىرغانلىق سوغۇق كېچىدە چېدىرلىرىدا ئۇخلاپ ياتقان تىبەت قوشۇنلىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار تاڭ ئاتقۇچە تىبەت قوشۇنلىرىدىن 50 مىڭنى ئۆلتۈرۈپ، قالغان قىسمىنى تولۇق ئەسىر ئالىدۇ. بۇندىن باشقا بىر مىليوندىن ئارتۇق چارۋا مال ( ئات، تۆگە، كالا، قوي قاتارلىق ) نىمۇ قولغا چۈشۈرىدۇ.

تارىخىي مەلۇماتلىرغا قارىغاندا، تاڭسۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئۇرۇشتىكى غەلىبىسى بەدەلىگە يۈز مىڭ توپ تاۋار — دۇردۇن ھەدىيە قىلغان ئىكەن.

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن ئىككى مىسال، ئوبدان ئۇيۇشتۇرۇلغان كېچىدىكى ھۇجۇمنىڭ ياخشى ئۈلگىسى.

6 . كۈندۈزى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشلار

كۈندۈزى ئۇرۇش قىلىش قارارىغا كەلگەن قوماندان ئەڭ ئەۋۋەل قوشۇندىكى جەڭچىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش، ھۇجۇمغا ماڭىدىغان قىسىملارنىڭ ئالدىغا ياشانغان، تەجرىبىلىك جەڭچىلەرنى قويۇش، بىر قىسىم قوشۇننى بۆكتۈرۈپ قويۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇشتا ئۆزى باش بولۇپ ئۈلگە كۆرسىتىپ جەڭچىلەرنى ناھايىتى يۇقۇرى جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ « قوتادغۇبىلىك » داستانىدا مۇنداق دەيدۇ:

2365 . ئىشىڭنى ئۇزارتماي قوشۇن تۈز، سوقۇش،
ئاتاپ ماختا ئەرنى، تارات مال، كۇمۇش.

2371 . يېشى چوڭ، جەسۇرلەر كۈرەشچىنىنى،
سەپ ئالدى قىل، باشلاپ ماڭسۇن جەڭچىسنى.

2372 . ساقال — چاچ ئاقارغان كۈرەشچى بولۇر،
كۈرەشچى بولۇر ھەم كۆپ ئىشنى بىلۇر.

2373 . كىچىك، ياش يىگىتلەر بولۇر بەكمۇ تېز،
ئەگەر ئۇرسە يۈز، ئۆچەر ئوتى تېز.

2370 . چېرىكتىن بىر قىسمىنى قوي مۆكتۈرۈپ،
يايىاق ئوقچىنى سال سەن ئالدىن يۈرۈپ.

2376 . ئەڭ ئەۋەل يىراقتىن ئوقىن ئاتقۇلۇق،
يېقىنلاشسا نەيزە بىلەن تىققۇلۇق.

2377 . كىرىشكەندە پالتا، قىلىچ بىلەن چاپ،
ياقادىن تۇت، چىشلە، تىرناقتا تاتلاپ.

2378 . چىدا، ياۋغا ئارقاڭنى بەرمە تۇتۇپ،
يوقات ياۋ ياكى يات ئۇرۇشتا ئۆلۈپ.

## 7 . ئىشەنچىسىز سوقۇشتىن ساقلىنىش

ھەر قانداق ئۇرۇشنىڭ ئىستىراتىگىيىسى، تاكتىكىسىدىكى مۇھىم بىر ئىش ، ئەقىللىق ، يىراقنى كۆرەلەيدىغان قوماندان ئەھۋالنى ئېنىق ئىگەللىگەندىن كېيىن ، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچىسى بولمىسا ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىش ، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياكى مۇنقەرز بولۇشى ئۇرۇشتا غالىپ بولۇش ياكى مەغلۇپ بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولىدىغان بولسا ، ئۇنداق ئۇرۇشنى قىلىش ـ قىلماسلىققا قەتئىي دىققەت قىلىش لازىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىشەنچىسىز ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ ، دۈشمەن بىلەن ئېغىزدا بولسىمۇ ۋاقىتلىق يارىشىپ ، پەيتنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ.

بۇنى تۆۋەندىكى بېيىتلەردە كۆرىمىز:

2359 . قوشۇنى كۆپ بولسا ياۋنىڭ، سېنىڭ ئاز،
سوقۇش قىلما، تېزدىن كۆر تەدبىرنى ساز.

2362 . يېڭىشقا ئەگەرچە يەتمىسە كۈچۈڭ.
ئەۋەتكىن ئەلچىلەر، ياراشقىن ئۆزۈڭ.

2363 . تىلىڭ بىرلە ئەل بول، ئۆزۈڭنى كۈزەت،
سوقۇشماققا ئالدىرىما، سۆزنى بەس ئەت.

## 8 . دۈشمەننى قوغلاش

ئۇرۇشتا يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەر ھەر خىل مۇرەككەپ بولىدۇ . بەزىدە دۈشمەن چېكىنىدۇ، چېكىنىشمۇ ھەر خىل بولىدۇ ، ئۇنىڭ بىرى دۈشمەن ھەقىقەتەن مەغلۇپ بولغاندا يۈز بەرسە ، يەنە بىرى دۈشمەن ھىيلە ئىشلىتىپ ، يالغاندىن چېكىنگەن بولۇپ ، ئۆز دۈشمىنىنى تۇزاققا چۈشۈرىدىغان جايغا ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ ، مۇھاسىرىگە ئالىدۇ . قولىدىن كەلسە يوقىتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، چېكىنگەن دۈشمەننى قوغلاشتا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولمىسا ، ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇقىدۇ .

ئەگەر دۈشمەن مەغلۇپ بولۇپ ، راستىن چېكىنگەن بولسا ، ئۇنى مەلۇم جايغىچە قوغلاپ بېرىپ ، بىر قىسمىنى ئەسىر ئېلىپ ، دۈشمەن كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ شۇ ئارقىلىق قوشۇننىڭ

روھىنى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ ، ئۇنداق بولمىغاندا دۈشمەن ئۇشتۇمتۇت ئارقىسىغا يېنىپ ھۇجۇم قىلىدۇ . بۇنداق ئەھۋالغا دىققەت قىلمىغاندىن تاشقىرى دۈشمەننى بەكمۇ ئۇزاق جايغىچە قوغلاپ بېرىپ ئارقا سەپتىن يىراقلىشىپ ، يېتىم ھالغا چۈشۈپ قېلىپ ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتىن ساقلىنىشقىمۇ دىققەت قىلىش لازىم.

بولۇپمۇ يالغاندىن چېكىنىپ تۇزاققا چۈشۈرىدىغان دۈشمەننىڭ ھىلىسىگە ئالدىنىپ دۈشمەننى قوغلىغاندا ، ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇقۇش مۇمكىن.

بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ « قوتادغو بىلىك » داستانىدا مۇنداق دەيدۇ:

2390 . يېغى قاچسا قوغلاپ ئۇزاپ كەتمىگىل،
ئەگەر قايتسا دۈشمەن، قاچالمايسەن، بىل.

2395 . يېغى قاچسا بارما ئۇزاق يەرگىچە،
يىراق قوغلىغان قامچە يەر تويغىچە.

دۈشمەننى بەك ئۇزاق جايغىچە قوغلاپ بېرىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىگە يېقىنقى زامان ئۇرۇش تارىخىدىن مىسال ئېلىش توغرا كەلسە ، بۇنىڭغا 1812 - يىلى فرانسۇز ئىمپىراتورى ناپالېئون I نىڭ روسىيىگە قىلغان پۈتۈن يۈزلۈك ھۇجۇمىدا ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىش يېتەرلىك.

ناپالېئون1799 - يىلى فرانسىيىدە ھاكىمىيەت تۆپىسىگە چىققاندىن باشلاپ ئون نەچچە يىل باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلىرىنى يۈرگۈزۈپ، پۈتۈن ياۋروپانى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ئالىدۇ . ئۇ 1811 - يىل سىنتەبىردە كۆرەڭلىگەن ھالدا : " يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن دۇنيانىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىمەن، ھازىر روسىيىلا قالدى ، لېكىن ئۇنى جەزمەن مەغلۇپ قىلىمەن " دېگەن.

ناپالېون شۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1812 - يىل 6 - ئايدا ، 500 مىڭدىن ئارتۇق " ئۇلۇغ ئارمىيە " نى باشلاپ روسىيىگە بېسىپ كىرىدۇ. روسىيىنىڭ غەربىي چېگرىسىدا مۇداپىئەدە تۇرغان 180 مىڭ كىشىلىك ئىككى ئارمىيىسى باركلاي ، باگراتىئوننىڭ يېتەكچىلىكىدە دەرھال ئارقىغا يېنىپ چېكىنىدۇ. ناپالېئون بۇ ئىككى ئارمىيىنىڭ بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ ئېلىشىدىن بۇرۇن ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تار مار قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەدبىرلەر كۆرگەن بولسىمۇ مەقسىدىگە يېتەلمەيدۇ ، ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن كۆچۈرۈپ كېچە - كۈندۈز توختىماي چېكىنگەن ئىككى روس ئارمىيىسى 8 - ئايدا سمولېنىسكىدا بىر - بىرى بىلەن قوشۇلىدۇ . روسلار سمولېنىسكىدىنمۇ چېكىنىپ چىقىدۇ . بۇ چاغدا ئالېكساندىر I كوتوزوۋنى روس ئارمىيىسىگە باش قوماندان قىلىپ تەيىنلەيدۇ . كوتوزوۋ، سوۋوروۋنىڭ باھاسى بويىچە : " ناھايىتى ھىلىگەر ، بەكمۇ ئەقىللىق ئادەم ، ھېچكىم ئۇنى ئالدىيالمايدۇ " . كوتوزوۋ چېكىنىش تاكتىكىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، موسكۋادىن 112 چاقىرىم يىراقلىقتىكى برودىن قىشلىقىنىڭ يېنىدا فرانسۇزلارغا قاتتىق بىر زەربە بەرگەندىن كېيىن موسكۋاغا قاراپ چېكىنىدۇ . كوتوزوۋ بىرىنچى سىنتەبىردە چاقىرغان ھەربىي كېڭەشتە موسكۋانى تاشلاپ چىقىش قارارىغا كېلىدۇ . كوتوزوۋ روس ئارمىيىسى

www.uyghurkitap.com



نى يېڭى كۈچلار بىلەن تولدۇرۇپ . ھەل قىلغۇچ جەڭلەرگە تەييارلىنىش نىيىتىدە ، موسكۋانى تاشلاپ چىقىپ ، موسكۋانىڭ جەنۇبى تەرىپىگە كېتىدۇ.

ناپالېئون ئۆز مەملىكىتى فرانسىيىدىن بىر نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى موسكۋاغا كىرگەندە، شەھەردە ھاراقتىن باشقا يەيدىغان ـ ئىچىدىغان نەرسىلەر قالمىغان ئىدى.

ناپالېئون ئارمىيىسى ئارقا سەپتىن ئايرىلدى . تەمىناتسىز قالدى ، روس پارتىزانلىرىنىڭ توختىماي قىلىپ تۇرغان ھۇجۇملىرى ئۇلارغا بالايى ئاپەت كەلتۈردى . ناپالېئون ئارمىيىسى ئاچارچىلىق ئىچىدە قالدى ، تەرتىپ ئىنتىزام تۈگىدى . مانا شۇنداق ئەھۋالدا قالغان ناپالېئون ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى سىزىپ ، 6 ـ ئۆكتەبىر كۈنى موسكۋادىن چېكىندى.

كوتوزوۋ يېڭى كۈچلار بىلەن تولۇقلانغان روس ئارمىيىسىنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى . بىر نەچچە جايدا فرانسۇزلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىلدى . روسىيىدىن قاچقان ناپالېئون 1812 ـ يىل دېكابىردا ، كۆپ مۇشەققەت بىلەن روسىيە چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىشكە ئىمكانىيەت تاپقان چاغدا ، ئۇنىڭ 500 مىڭدىن ئارتۇق " ئۇلۇغ ئارمىيە " سىدىن ئاران 30 مىڭ كىشى قالغان ئىدى .

روسىيىگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇبىيىتى ناپالېئون ئىمپېرىيىسىنىڭ گۇللىنىشتىن زاۋاللىققا يۈزلىنىشتىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى.

ناپالېئونىڭ روسىيىدىن يېڭىلىشى بىر نەچچە سەۋەبلەرگە باغلىق بولسىمۇ ، ئۇنىڭ چېكىنگەن روس ئارمىيىسىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ، ئۆز ئارقا سەپىدىن ئايرىلىپ ، ياردەمسىز ( تەمىنات ۋە يېڭى كۈچلەردىن ) قالغانلىقى كۈچلۈك بولمايدىغان تاكتىكا خاتالىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى .

## Ⅳ قوماندان توغرىسىدا

يۈسۈپ خاس ھاجىپ . قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىدىغان كىشىنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە بەرگەن.

1 . قوماندانىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پىكىرىچە قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ ، دۈشمەننى يېڭىش بەكمۇ ئۇلۇغ ئىش بولۇپ ، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە كىشىنىڭ لايىقلىقىنى كۆرسەتكەن. قوماندانىدا بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەرنى قىسقىچە تەرىپلىگەندە مۇنداق دەيدۇ:

قوماندان راستچىل ، تەجرىبىلىك ، شەخسىيەتتىن خالى ، ئاددى ـ ساددا، يۈرەكلىك، باتۇر ، ھىلىگەر ، تەدبىرلىك ، كەمتەر ، مۇلايىم ، ئەقىللىق ، ھۇشيارلىققا ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى شەرت.⑩

2 . قوماندانىنىڭ ۋەزىپىلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوماندانىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىمۇ توختىلىدۇ . ئۇنىڭچە، قوماندانىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۇرۇشتا قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ ، دۈشمەننى يېڭىشتىن تاشقىرى ، يارىدار بولغانلارنى داۋالىتىش ، ئەسىر چۈشۈپ كەتكەنلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ

ئېلىش ، ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادىنى رازى قىلىش ، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇ ـ كاپاتلاش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.⑪

## ئاخىرقى سۆز

يۈسۈپ خاس ھاجىپ « قوتادغۇ بىلىك » داستانىدا ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىي تەدبىرلەرنى قەدىمقى زاماندىكى ئۇرۇش تارىخىنىڭ تەجرىبىلىرىگە، قارا خانىلارنىڭ مەۋجۇت ھەربىي تۈزۈمىگە ئاساسلىنىپ ، ئۆزىنىڭ يىراقنى كۆرىدىغان تەپەككۇرى ئارقىلىق ئىستىراتىگىيە ۋە تاكتىكىنىڭ ئۇسۇل ، شەكىللىرىنى تېخىمۇ جانلىق بايان قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىي تەدبىرلەر ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە يېتىش ـ كەن ھەربىي ئالىم ئىكەنلىكىنىمۇ شۈبھىسىز ئىسپاتلايدۇ.

بىز « قوتادغۇ بىلىك » نى تەتقىق قىلغاندا، ئەدىبىي سىرلارنى قانداق تەتقىق قىلىش ، ئۇنىڭغا قانداق ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدىكى ماركسىزىم پىرىنسىپلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشى ـ مىز لازىم .

ھازىرقى پەيتتە « قوتادغۇ بىلىك » نى تەتقىق قىلىپ ، ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش مەزگىلىدە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشىمىز ئۈچۈن رىئال ئەھمىيەتكە ئىگە .

بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئۇلۇغ ، دانىشمەن پەيلاسوپ ، تالانتلىق شائىر ئەجداتىمىز ـ نىڭ ئۆتكەنلىكى بىلەن پەخىرلەنگەندىن كۆرە ، ھازىرقى پەيتتە پارتىيىمىزنىڭ ئىلىم ـ پەننىڭ گۈللىنىشىگە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىمكانىيەت ، تولۇق شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بەر ـ گەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز.

بولۇپمۇ بىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ۋە ئالىي مائارىپ ئورۇنلىرىدىكى ئۇستازلىرىمىز ئىنت ـ تايىن تولۇق ، مۇكەممەل شەرت ـ شارائىتتىن پايدىلىنىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدى ـ كى شەرەپلىك ۋەزىپىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشۈنۈپ ، قابىلىيەتلىك ، بىلىملىك ، ئەخلاق ـ لىق ، ساغلام بولغان ئىلمى كۆچلەرنى يېتىشتۈرۈشكە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بېغىشلاي ، يېقىن كەلگۈ ـ سىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئالىملارنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان مۆجىزد ـ لەرنى يارىتالىسا ، ئۇ چاغدا خەلقىمىز قىن ـ قېنىغا پاتماي خوشاللىنىپ، مەڭگۈ پەخىرلىنىشكە ھەقلىق بولغان بولاتتى.

www.uyghurkitap.com



ئەگەر بىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ۋە ئالىي مائارىپ ئورۇنلىرىدىكى ئۇستازلىرىمىز ۋاقتىنى، ئىمكانىيەتنى ، شەرت ـ شارائىتنى قولدىن بېرىپ ، ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە كى ـ رىشمىسە ياكى دىگەنىدەك ئۆتىمىسە ، ئۇ چاغدا تاڭ دەۋرىدە ياشىغان شائىر چېڭزىئاڭ ( 661 ـ 702 ) نىڭ :

ئالدىمدا كۆرمىدىم قەدىمقىلارنى،
كەينىمگە قارىسام كېلەر ئادەم يوق.
ئويلىسام بەركەتلىك چەكسىز دۇنيانى،
يىغلايمەن ئۆرلەيدۇ ھەممىدىن ئارتۇق.

دىگەنىدەك ھالغا چۈشۈپ قالمايمىزمۇ؟

ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا ، ئەجدادلىرىمىز ، ئەۋلاتلىرىمىز ئالدىدا يەرگە قاراپ ، ئانىمىزنىڭ بىزگە بەرگەن تاتلىق ، جان بېغىشلىغۇچى سۈتىنىڭ بىر تامچىسىنىمۇ ئاقلىيالمايمىز . دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق نومۇس بولامدۇ؟!

ئىزاھاتلار

① ماقالىدىكى مىسالغا ئالغان بېيىتلەر « قۇتادغۇ بىلىك » نىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان يەشمە نۇسخىسىدىن ئېلىندى .

② رىشات گېنج : «قارا خانىلارنىڭ دولەت تەشكىلاتى » تۈركچە، 291 ـ بەتكە قارالسۇن.

③ رىشات گېنج : « قارا خانىلارنىڭ دولەت تەشكىلاتى» تۈركچە،333 ـ بەتكە قارالسۇن.

④ بىر پاتمان.

⑤⑥ رىشات گېنج : «قارا خانىلارنىڭ دولەت تەشكىلاتى » تۈركچە ، 333 ـ بەتكە قارالسۇن.

⑦ دۈشمەندىن ئەسىر تۇتۇپ كېلىنگەن قىسىملار .

⑧ دۈشمەن ھالىدىن خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەر .

⑨ ئەسىر، خەۋەر مەناسىدا.

⑩ يۈسۈپ خاس ھاجىپ : « قۇتادغۇ بىلىك » مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1984 ـ يىل 5 ـ ئاي ـ ئۇيغۇرچە نەشرى . 2377 ، 2375 ، 2374 ، 2371 ، 2325 ، 2324 ، 2326 ، 2381 ، 2378- بېيىتلەرگە قارالسۇن .

⑪ يۈسۈپ خاس ھاجىپ : « قۇتادغۇ بىلىك » مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىل 5 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى 2399 ، 2398 ، 2403 ، 2402 ـ بېيىتلەرگە قارالسۇن.

# مەسەللەر

ھاجى ئەخمەت

## قوياش بىلەن ھەسەن - ھۈسەن

يامغۇر بىلەن يۇيۇنغاندا تەبىئەت،
سىڭىپ كەتتى گۈلنىڭ ھىدى ھاۋاغا.
ھوسۇن قوشتى كائىناتنىڭ ھۆسنىگە،
ئالتۇن قوياش لىنتە ئوراپ ساماغا.

ھەسەن - ھۈسەن زەپ چىرايلىق پارلىدى،
قوياش نۇرى جۇلا بەرگەچ يۈزىگە.
«گۈزەللىكنىڭ شاھىمەن» دەپ ماختاندى،
قويۇپ بەكمۇ چوڭ تەمەننا ئۆزىگە.

بۇنى ئاڭلاپ دېدى قوياش «ماختانما،
مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايسەن مېنىڭسىز»
ھەسەن - ھۈسەن چالۋاقىدى: ئۆتۈپ بار،
ياشالايمەن ئۆزۈم تەنھا - سېنىڭسىز!...»

قوياش رەنجىپ يۇمۇۋالدى كۆزىنى،
ماكان تۇتۇپ بۇلۇت ئارا - پىنھاندىن.
تۇمان قاپلاپ ھەمساتتا كۆك يۈزىنى،
ھەسەن - ھۈسەن غايىپ بولدى ئاسماندىن.

## پاقا بىلەن چىۋىن

پاقا لايغا مىلىنىپ،
چىقتى ئەۋرەز تېشىغا.
ئۇچۇپ كەلدى ھايالسىز،
چىۋىن ئۇنىڭ قېشىغا.

پاقا بۇندىن سۆيۈنۈپ،
- كەل بۇرادەر، كەل، - دېدى.
بۇ ئورۇن تىنچ، بىخەتەر،
يەمەك - ئىچمەك تەل، - دېدى.

ھايال ئۆتمەي ئىككىسى،
يېقىن ئۇلپەت بولۇشتى.
نىجاسەتنى تەڭ يالاپ،
بىللە سورۇن قۇرۇشتى.

پاقا بىردىن چىڭقىنى،
تۇتۇۋالدى « كاپ » قىلىپ،
يۇتىۋەتتى تىرىكلا،
بىرلا يالماپ «هاپ»، قىلىپ.

ـ يوقمۇ رەھىمىڭ، ئىنساۋىڭ؟!ـ
دىدى چىۋىن ئاھ ئۇرۇپ.

ئىپىتتى پاقا شۇ سۆزنى،
ئاڭا جاۋاپ ياندۇرۇپ:

ـ يەدىم سېنى ، بۇرادەر،
ئاچلىغىمغا پايلىماي.
«دوست»،قا ئازار بەرمەي دەپ،
تىرىك يۇتتۇم ، چاينىماي.

## تۆمۈرنىڭ زارى

بەرمەي ئارام ئۇستىكارغا كۈندۈز ۋە تۈنى،
قىلدى بىزار جاراڭلىغان تۆمۈرنىڭ ئۈنى.

شۇڭا بىر كۈن ئۇ تۆمۈرگە تاشلىدى سوئال:
ـ ئەي بۇرادەر قىلما بۇنداق جىنىمغا ئۇۋال!

سەۋەپ نىمە، زارلىمايسەن كۆيدۇرسە يالقۇن،
ئوتتىن چىقىپ جاراڭ-جۇرۇڭ سالىسەن شاۋقۇن؟...

تۆمۈرچىگە تۆمۈر بۇنداق ئەيلىدى جاۋاپ:
ـ ئوتتا كۆيۈپ، مەيلى باغرىم بولسىمۇ كاۋاپ.

مەيلى، قانچە قاتتىق زەربە ئەزسە جىسمىمنى،
قىلمىغايمەن پەسەنت، تاغدەك ئېغىر بېسىمنى!

مىڭ ئەپسۇسكى بازغان، سەندەك ئارىسىدا مەن،
تولغىنىمەن ئاچچىق ئەلەم يارىسىدا مەن.

ئەسلى زاتىم ئۇلار بىلەن بولغاچ جىنىسداش،
بېرەلمىدىم ھەرگىز ئۇنىڭ زەربىگە چىداش.

جاراڭ-جۇرۇڭ قىلىپ شۇڭا سالىمەن ۋاي-دات،
زارلاپ شورلۇق قىسمىتىمدىن چېكىمەن پەريات.

## شەپەرەڭنىڭ ھالاكىتى

چىقتى كەچتە شەپەرەڭ،
ئۇۋىسىدىن تالاغا.
ئەندى نۆۋەت مىنىڭ دەپ،
چۈشتى ئۇسۇل- ساماغا.

قايناپ- تېشىپ خوشلىقى،
سىغماي قالدى ئىچىگە.
خىيالىدا تاج كەيدى،
ھاكىم بولۇپ كېچىگە.

توساتتىنلا كوچىدا ،
توك چىراقلار يېقىلدى.
تامغا ئۇسسۇپ شەپەرەڭ،
نىمجان بولۇپ يىقىلدى...

×

ئەقدىرى شۇ تۈن خۇمار،
يوروقلۇقتىن بەزگەنىنىڭ.
شەپەرەڭدەك ئەس بېسىپ،
ئەل ئىچىدىن تەزگەنىنىڭ.

## ماختىنىش

قاغا دەر: قاق، قاق!
چىرايىمغا باق:
ئالەمدە تاقمەن،
سۆتتىنمۇ ئاقمەن.
قانىتىم چىپار،
يىپىشىم ئىپار.
قۇشلار شاھىمەن.

تۇننىڭ ماھىمەن.
ئاۋازىم گۈزەل،
كۈيلەيمەن غەزەل.
دىمەي باشقىنى...
ئەرتە- ئاخشىمى
مەندىن ئۆگىنەر،
بۇلبۇل ناخشىنى.

## شاتۇتىنىڭ ماھارىتى

شاتۇتىنىڭ نامى بار
"ناخشىچى» دەپ ئەسلىدىن.
باشقىلارنى دورىماق
مىراس ئاڭا ئەسلىدىن.

"تەييارغا-شەيخ» بولۇشتىن
ئۆزمەس كۆڭۈل مەيلىنى.
"تالانتىم» دەپ ماختىنار،
ئۆزىنىڭ خۇي- پەيلىنى.

بارچە قۇشلار بىر كۈنى،
چوڭ سورۇنغا توپلاشتى.
بەس- بەس بىلەن سايرىشىپ
ئاۋازىنى سىناشتى.

كۈيچى بۇلبۇل زوق بىلەن،
چۈشتى ئاۋال ناۋاغا.
ئۇنىڭ دىلكەش ئاۋازى،
تارقالدى كەڭ ساماغا.

سايرىغاندا تومۇچۇق،
ھەممە زوقمەن ئاڭلىدى.
ناخشىسىدىن تورغاينىڭ،
جان سۆيۈندى يايرىدى.

ئەيتتى قۇشلار ھەممىسى
ئۆزىگە خاس ناخشىنى.
نۆۋىتىدە شاتۇتى،
دوراپ بەردى باشقىنى.

ئۆز ناخشىسى بولمىسا،
قانداق قىلسۇن بىچارە!؟
كۆرسۈتۈشكە ماھارەت،
بار ئۇنىڭغا نى چارە!...

پاتتى كۆپنىڭ ئالدىدا
قايىنىمغا ئىززانىڭ.
تەمى بولماس باشقىلار،
چاييناپ بەرگەن غىززانىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## مالچى بىلەن يىلان

سۆز تاشلىدى مالچى يىلانغا:
— قەست ئەيلەيسەن ئۇچرىغان جانغا.
ئەي بالاخور نىجىس، ھارامىلىق،
قىلمىساڭچۇ مۇنچە قارامىلىق.
تىنجىمامدۇ كۆڭلۈڭ زادىلا،
باشقىلارغا بەرسەڭ ئازارلىق؟!

دېدى يىلان:
— ئەيلىگىن ھەزەر،
چۈنكى تۇرغان – پۈتكىنىم زەھەر.
مەندىن ۋاپا كۈتمەك – نادانلىق،
ياشالمايمەن قىلماي يامانلىق.
كۆرگەن يەردە سېنى چاقمىسام،
ماڭا قانداق بولسۇن ئامانلىق!؟

## تام بىلەن چىڭگىلىك

كۆتىرەلمەي چىڭگىلىك
ئەۋرىشىم غولىنى،
باغ تېمىنىڭ ئۈستىگە،
ئارتىۋالدى پۈت قولىنى.

تەھسىن ئوقۇپ ئىچىدە،
ئۇ ئۆزىنىڭ قۇۋۇلىغىغا؛
پىچىرلىدى ئەركىلەپ،
ئىگىز تامنىڭ قۇلىقىغا:

— ھېممىتىمنى كۆرۈپ قوي،
غېمىڭنى تەڭ بۆلىۋالىمەن.
قايغۇرمىغىن بۇرادەر،
يىقىلساڭ يۆلىۋالىمەن.

## مايمۇن بىلەن يولۋاس

كونىلار بەك توغرا ئېيتقان:
"بازار چاققانىنىڭ".
ھايان —
بەختى ئوڭ كۆزىدە كۈلۈپ باققانىنىڭ.

ئېيىقۋاينىڭ ئەمەلدارلىق مۇددىتى توشۇپ،
ئورمان ئەھلى يېڭى سايلام قىلدى باش قوشۇپ.
چېبەدەسلىكتە يېتەلمىگەچ ھېچكىم مايمۇنغا،
ئولتازغۇزدى ئۇنى تەختكە–خانلىق ئورنىغا.
يولۋاس باتۇر ئىش پۈتكەندە سايلامغا كەلدى،
لېكىن خانغا ھەممىدىن ئىز سالامغا كەلدى.
كۈلگەن ئىدى كۆرگەن كۆزلەر ئۇنى مازاقلاپ،
دېدى يولۋاس ئەل ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلاپ:
— يوقلىغىدىن ئەمەس بۇھال مەندە غۇرۇرنىڭ،
بىر ماقال بار:
"زامان زورنىڭ تاماشا كورنىڭ".
ئويلاپ كۆرۈڭ، ھەق ئەمەسمۇ بوۋىلار سۆزى؟
تا ئەزەلدىن ئەما ئىرۇر تەقدىرنىڭ كۆزى!
ئەي نادانلار– شۇڭا مەندىن كۈلمەڭ، ئەمدى بەس،
سالامىم ئۇ قوڭۇلتاققا تەئەللۇق ئەمەس.
ماسلىشىپ مەن شارائىتنىڭ ئېھتىياجىغا،
تازىم ئەتتىم ئەمەلدارلىق ھۆرمەت تاجىغا.
مايمۇنچاقنىڭ بېشىدىن تاج چۈشسۇنچۇ تېخى،
ئۇنىڭ بىلەن نەق مەيداندا كۆرۈڭلار مېنى!

## توخۇ بىلەن بۈركۈت

قىپقىپ تالماس قاناتلىرىنى،
پەرۋاز قىلدى بۈركۈت ساماغا.
توخۇ ئۇندىن ئۈزەلمىدى كۆز،
مەنمۇ ئۇچسام دىگەن تاماغا.

"نەرى ئارتۇق مەندىن بۈركۈتنىڭ،
ئۇ دىگەن تاز مېنىڭ تاجىم بار.
سىمىزلىكتىن قىلمايمەن ۋايىم،
نە قاناتقا ئېھتىياجىم بار".

شۇ خىيالدىن مەس بولۇپ توخۇ،
باشقىدىنلا غەيرىتى ئاشتى.
باغ تېمىنىڭ شورىسى بىلەن
ئىگىزلىككە قاراپ ياماشتى.

سىيپىل يەڭلىغ تامنىڭ ئۈستىگە
بىر ئاماللاپ چىققان چېغىدا؛
ئۇ ئۆزىنى سەزدى بۈركۈتتەك،
تۇرغان گويا تەڭرى تېغىدا.

مەنەنىلىكى قويمىدى زادى،
قاراپ پەسكە قايناپ بېشى.
قارار تاپتى كۆكلىدە قەتئى،
ئۇنىڭ بۈركۈت بولۇپ ئۇچمىشى.

قانىتىنى كىرىپ — پالاقلاپ،
ئۇچقان ئىدى يۇمۇپ كۆزىنى.
يەرگە چۈشتى نەچچە موللاقلاپ،
باشقۇرالماي زادى ئۆزىنى.

يىرىلغاندەك بولۇپ پوكىنى،
بىھۇشلۇقتىن سۇسلىدى نەپەس.
بۈركۈت ئوخشاش ئىگىز ئۇچالماس،
توخۇ قانچە قىلسىمۇ ھەۋەس.

## تەنقىت تەقرىز

تەقرىز دىدى تەنقىتكە:
— تەرىك سۈرۈن.
ئەپتىڭدىن مۇز ياغىدۇ،
سىنى كۆرسەم بۇرادەر،
تېنىم شۈركىنىپ،
ئىسسىم ئاغرىدۇ.

سۈرى يامان سوتچىدەك
گاھ بىرىگە دوق قىلىپ،
تارتىسەن گاھ سوراققا.
زەھەردەك ئاچچىق،
قوپال سوزلىرىڭ
مۇش ئۇرغاندەك تېگەر قۇلاققا.

ئەكسىنچە سەن
نازاكەت بىلەن
كۆرۈنگەننى ئۈچۈرۈپ — ماختاپ،
كىشىلەرنى قىلىسەن قايىل.
شۇڭا سەندىن بىرار كىتاپخان،
پەقەت مەنىلا ھورمەتكە نائىل.

تەنقىت دىدى:
— بازارلىق بىلىمەن،
چۈشىن ئۇلاشقان شىرىنگە ئوخشار.
سۆزلىگىنىم ھەقىقەت مېنىڭ،
سۆزلىگىنىم ھەقىقەت مېنىڭ...
كىممۇ ئاچچىق دورىغا خۇشتار؟!

# دۇيجاڭنىڭ ئائىلىسى

(ھېكايە)

ئابدىقادىر تاش

قاسىم دۇيجاڭنى ئەمدىلا ئىشىمىزغا يولغا سالغان زورىخان، ئۇلاغلىرىغا يەم - بوغۇز بېرىۋېتىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئىشىمىزغا بېرىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا، ئىشىك ئالدىدا بىرسىنىڭ قاسىم دۇيجاڭنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ دەرۋازىنى ئېچىپ چىقىپ، قولىدا كەتمەن، ئىشتانلىرىنىڭ پۇشقاقلىرى تۈرۈلگەن، ئۇستىۋاشلىرى غەرق لايغا مىلەنگەن ھالدا تۇرغان ئۈچ نەپەر ئادەمنى كۆرۈپ ئەۋايى ئۇچتى.

— قاسىم دۇيجاڭ ئۆيدىمۇ؟ — سورىدى ئۇلاردىن بىرسى.

— ياق، — دېدى زورىخان ئىتتىك ئارقىسىغا يېنىپ، ئۇ دەرۋازىنى يېپىپ كىرىپ كەتمەكچى بولىۋىدى، ھېلىقى كەلگەنلەر ئۇنى توختاتتى.

— توختىڭا زورىخان، قاسىم دۇيجاڭ نەگە كەتتى؟

— ئۇنى ئىزدەپ نېمە قىلاتتىڭلار؟ — دېدى زورىخان ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپ.

كەلگەنلەردىن چاساقال بىرسى زورىخانغا چۈشەندۈردى:

— ماۋۇ ئېرىقتىكى سۇيىمىز يار كېتىپتىكەن، بىز ئۈچەيلەن بېرىپ قانچە قىلساقمۇ ئېتەلىمىدۇق، سۇنىڭ قىسچىلىغىدا ئېرىقتىكى سۇ بىكارلا يەرگە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ، شۇڭا قاسىم دۇيجاڭ ئەزالارنى تەشكىللەپ يارنى ئەتتۈرۈپ بەرەرمىكىن دەپ كىلىۋىدۇق.

— ۋايەي، شۇ گەپمىدى؟ — دېدى زورىخان قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، — ئۇ ئەندى ئېرىقتىكى سۇنىمۇ ئۆزى ئەكىلىپ يېرىڭلارغا تۇتۇپ بەرسە بوپتىكەندە! بىزنىڭمۇچا ئۆزىمىزگە چۈشلۇق

دىخانچىلىغىمىز بار. مۇشۇ تۇرقى ئىچىمىزدا ئىش
تۈگىتەلمەي، بىر ئادەمنى پۇلغا سېتىۋالغىدەك
بولىۋاتىمىز. سۇ لازىم بولغانلار يارنى ئۆزلە-
رى ئېچىپ، سۇنى ئەكىلىپ تۇتىۋەرسۇن. قا-
سىمنىڭ ئىچىمىزدا ئىشى بار.

— قارىسىلا زورىخان،— دىدى يەنە بىرەي-
لەن،— سىلە شۇنداق دىگەن بىلەن قاسىم دۈي-
جاڭ يىل ئاخىرىدا بىزدىن ئىش ھەققى ئال-
دىغۇ؟ ئۇ مۇشۇنداق پەيتلەردە ئانچە — مۇن-
چە بىزنىڭ بەزى ئىشلىرىمىزغا قارىشىپ بەر-
مىسە...

— ئۇنىڭغا بېرىدىغان ئىش ھەققىڭلەرگە
خوتۇنۇڭلارغا ئۇسما ئېلىپ بېرىڭلار، ۋايەي،
تېخى بىزدىن ئىش ھەققى ئالىدۇ، دەۋاتقىنى-
نى، يوغان بىر نەمە بىرىدىكەنسىلەر، دۈيجاڭ
بولدۇم دەپ خەخقە سېتىلىپ كەتتىمىكىن بۇ
غالچا؟!

زورىخان سۆزلىگەن پېتى دەرۋازىنى "جا-
لاققىدە" يېپىپ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ-
ئىچىمىزغا بېرىشقا شۇنچە ئالدىرىسىمۇ، ئۆي ئى-
چىدىكى ئىشلاردىن قولىنى ئۈزەلمەي، بىر ئاز
كېچىكىپ چىقتى. زورىخان ئىچىمىزغا بارغانداقا-
سىم دۈيجاڭ ئاللا بۇرۇن بىر بۆلۈم ئەزالارنى
باشلاپ ئېرىقۋېشىغا كەتكەن ئىدى.

— خەپ توختاپتۇر،—دىدى زورىخان لىۋىنى
چىڭ چىشلەپ، — كەچتىغۇ ئۆيگە كىرەر-
سەن،

× ×

بىر كۈنى قاسىم دۈيجاڭ ئۆزىنىڭ ئىچىمىزلى-
غىدا قوشھەيدەۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا بىر دى-
خان ئۇدۇللاپ ئىچىمىزمۇ - ئىچىمىز مېڭىپ ئۇنىڭ
يېنىغا يېتىپ كەلدى.

— كۆرمەمسىز دۈيجاڭ، ماۋۇ ھەسەن دىگەن
پاخشەك ئەتتىگەن چىقسام مېنىڭ يېرىمىنىڭ پا-
سىلىغا بىر مۇنچە جىرىم تىكىۋاپتۇ. مەن ئاچ-
چىغىمدا چىقىپلا ئۇنىڭ تىككەن جىرىملىرىنى
بىر تەرەپتىن يۇلۇپ تاشلىدىم. ئۇ يەنە تەپ
تارتماي، بۇ يەر مېنىڭ پاسىلىم دەيدۇ، سى-
نىڭ پاسىلىڭ قىرنىڭ ئۇ تەرىپى ئەمەسمۇ
دىسەم، بۇ تەرىپىمۇ مېنىڭ دەپ، مېنىڭ
يېرىمىنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ
ئىككەيلەن ئازراق كاژ تالىشىپ قالدۇق. بىر
يۇسۇنغا ئادەم قاراپ تۇرۇپ شۇنداق قىلسا بو-
لامدۇ؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولسام بىر مۇنچە
بالا تېرىلاتتى. سىز بىر دەملىك ئىشىڭىزنى
قويۇپ تۇرۇپ، بىزنىڭ شۇ دەۋايىمىزنى ۋاق-
تىدا بىر تەرەپ قىلىپ قويسىڭىز، ئۇ يەنە مەن
يۇلىۋەتكەن جىرىملارنى بىشەملىك قىلىپ جا-
يىغىلا تىككىلى تۇردى.

ھېلىقى دىخان ھاسىراپ - ھۆمىدەپ تۇرۇپ
شۇ گەپلەرنى قىلدى - دە، قىردىلا زوڭزۇيۇپ
ئولتۇردى.

قاسىم دۈيجاڭ قوشنى توختۇتۇپ قويۇپ،
ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىۋىدى، بۇ چاغدا ئې-
تىزنىڭ بۇلۇڭىنى چاناپ، چالمىلىرىنى چوقىۋاتـ-
قان زورىخان قولىدىكى كەتمەننى چۆرىۋېتىپ
بىرىپلا قاسىم دۈيجاڭنىڭ قولىغا كاپ قىلىپ
ئېسىلدى :

— ھوي غالچا، ئەمدى نەگە بارىسەن؟ بۇ
نەملەرنىڭ دەۋايىنى سوراپ كەلگىچە، ماۋۇ يەر
قۇرۇپ كەتمەمدۇ؟

قاسىم دۈيجاڭ خوتۇنىنىڭ ئەلپازىنى كۆ-
رۇپ ئاچچىق كۈلدى ۋە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— مەن ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن. سەن ما-
ۋۇ كالىلارغا ئوت سېلىپ بەر، مەن كەلگىچە
يەپ تۇرسۇن،— دىدى.

لېكىن زورىخان ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمى-
دى.

— كۆرىمەن، ھازىرلا قايتىپ كەلگىنىڭنى،
سەن ھازىرلا كېلىمەن دىگەن يەردە تاس قا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



لىسەن قونۇپ قالغىلى. ئۇ يەرگە بارساڭمۇنداق دەۋادىن يەنە نەچچىسى!

— قولۇمنى قويۇپ بەر، — دېدى قاسىم دۈيجاڭ ئايلىنىغا يالۋۇرۇپ، — سەن تولا مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشما، بولدى. مەن مۇشۇ ھەيدەيدىغان يەرنى بۈگۈندىن ئاشۇرۇپ قويمىسام بولىدىغۇ؟ كېچىلەپ بولسىمۇ ھەيدەپ تۈگىتىمەن.

شۇنداق قىلىپ قاسىم دۈيجاڭ ئايلىنى زورىخاندىن قولىنى تەسلىكتە ئاجرىتىپ ماڭدى. لېكىن زورىخان ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ، ئېتىزنى بېشىغا كەيدى ۋە قاسىم دۈيجاڭنى ئاغزىغا كەلگەننى دەپ تىللاشقا باشلىدى:

— ساڭا دېخانچىلىقنىڭ كېرىكى يوق، بىر ئۆي لازىم ئەمەس، كۆنۈك غالچىلىق بىلەن ئۆتۈپ كېتىشۋاتىدۇ. سەن ھامان غالچا بولغاندىن كېيىن بار! بېرىپ خەقنىڭ غالچىلىقىنى قىل!

× ×

زورىخان كەچلىك غىزادىن كېيىن، قازان-قۇمۇش، قاچا-قۇشۇقلىرىنى يۇيۇپ جاي-جايىغا قويۇۋەتكەندىن كېيىن، بالدۇرلا ئورۇن سېلىپ ياتتى. ئۇ يېتىپلا ھايال ئۆتمەي كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. قاسىم دۈيجاڭ يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە، يىغىندىن قايتىپ ئۆيىگە كەلگەن چاغدىمۇ ئۇ، ئىشىك-تۈڭلۈكنى مەھكەم تاقاپ ئىسسىق يوتقاندا يېتىپ بىخارامان ئۇخلاۋاتاتتى. قاسىم دۈيجاڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئۇنى بىر نەچچە ئېغىز چاقىردى. قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئۆگزىگە چالما تاشلىدى، ياندۇرمىلاپ يەنە چاقىردى. لېكىن زورىخان قوپۇپ ئىشىكنى ئاچمىدى. قاسىم دۈيجاڭ ئىشىك ئالدىدا خېلى بىر ھازا ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاخىرى ھويلىنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ ئۆيىگە كىردى.

— ھوي، ئۆلدۈڭمۇ، بارمۇسەن؟ — دېدى ئۇ زورىخاننىڭ بېشىغا كېلىپ.

— ئۆلمىدىم، مەن بار، — دېدى زورىخان چالا ئۇيقىلىق ئاۋازدا كۆزىنىمۇ ئاچماستىن.

— ئۇنداق بولسا مەن كەلگىنى نېكەم، نېمىشقا ئىشىكنى ئېچىۋەتمەيسەن؟

— سىلىنى كەلمەيدىكىن دەپتىمەن.

— مەن بۇ ئۆيگە كەلمەي نەگە باراتتىم؟

— سىلىنىڭ ئۆيلىرى ئازمۇ؟ بۇ ئۆيگە كەلمىسىلە باشقا ئۆيلەردە يېتىۋەرسىلىمۇ بولىدىغۇ؟

— باشقا ئۆيلەردە؟

— ھەئە، سىلە ھەممە ئادەمنىڭ غالچىلىقىنى قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار سىلىنى بىر ئاخشام قوندۇرۇشقا يارىمامدىكەن.

— خوتۇن ئۇنداق دېمە. مېنىڭ قورسىقىم ئاچ، قېنى ماڭا ئېلىپ قويغان غىزايىڭ بارمۇ؟

— ۋۇي تېخى، مۇنداق گەپ بار دېسىلە، ئۇلار سىلىگە بىرەر ۋاخ غىزا بېرىشمىدىمۇ؟

بۇ گەپلەر قاسىم دۈيجاڭنىڭ راسا چىشىغا تەگدى. ئۇ ئەندى ئايلى بىلەن تاكاللىشۋېرىشنى ئەپ كۆرمەي، شۈك ئولتۇرۇپ تاماكۇ ئوراپ چېكىشكە باشلىدى. ئۇ ئاچچىق تاماكىنى قاتتىق-قاتتىق شوراپ خۇمارىغا قېنىۋالغاندىن كېيىن، ئوچاقۋېشى، تاختىۋېشلارنى بىر قۇر ئاختۇرۇپ كۆردى. راستىنلا ئايلى ئۇنىڭغا غىزا ئېلىپ قويمىغان ئىدى. قاتتىق قۇرۇق نان بولسىمۇ يەي، دەپ ساندۇقنى ئېچىپ قارىۋىدى، بىرەر چىشلەم نانمۇ چىقمىدى.

زورىخان بۇ چاغدا ئۇخلىغان بولۇپ جىم يېتىۋالغان ئىدى. ئۇ يوتقانغا بېشىنى تىقىۋېلىپ ئۇنىڭ يوچۇقىدىن قاسىم دۈيجاڭنىڭ ھەر-كىتىگە سەپ-سېلىپ ياتتى. قاسىم دۈيجاڭ ئۆي ئىچىنى سىنتاختىنا قىلىپ ئاختۇرۇپمۇ يېگىلى بىرەر نەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن، ئۆگزىگە چىقىپ بىر باغلام قۇرۇق ئوتۇن تاشلىدى. ئۇ ئەمدى ئۆزى ئۈچۈن غىزا ئېتىشكە تەييارلانغان ئىدى.

× ×

— قاسىم دۈيجاڭ ئايلى زورىخان بىلەن ئاجرىشىپ كەتمەكچى بوپتۇ.

— زورىخان كېچىچە ئەسكىلىك قىلىپ قاسىم دۈيجاڭ بىلەن جېدەل قىپتۇ، ئۇ ھازىر ئۆيدىكى ھەممە نەرسىلەرنى كۆچۈرۈپ كەتمەكچى بوپتۇ.

بۇ خەۋەر قاق سەھەردىلا پۈتۈن مەھەللىگە: ئۆيدىن — ئۆيگە، قۇلاقتىن — قۇلاققا ئاڭلىنىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ كوچىلاردا، ھويلىلاردا بۇ توغرۇلۇق غۇلغۇلا كۆتىرىلدى.

— ھەي، زورىخان بىلەن شۇنچە ئۇزۇن يىللار بىر مەھەللىدە ياشاپ تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلمەپتىكەنمىز، قاسىم دۈيجاڭ دۈيجاڭ بولۇپلا ئۇنىڭ سىرى ئاشكارا بولدى.

— بۇ خوتۇن يالغۇز قاسىم دۈيجاڭنىلا ئەمەس، پۈتۈن مەھەللىدىكىلەرنىڭمۇ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالدى دەڭلا.

— شۇنداق، بىچارە قاسىم دۈيجاڭ ھېلىمۇ چىداپ كەلدى، ئۇ دۈيجاڭلىق خىزمىتىنى شۇنچە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتسا، بۇ خوتۇن ئۇنىڭ تارتىۋاتقان جاپالىرىنى ئىباز دەپ دەشنەم بىرىۋاتقان، تېخى ئاڭلىساق ئۆز ئېرىگە ۋاقتى - قارايىدا غىزامۇ بەرمەيدىكەن دەڭلا.

— شۇنداقمۇ دەيمىز باللا، ئالاھەزەل يامان بوپتۇ جۇما، قاسىم دۈيجاڭ يالغۇز تۇرسا، ئۆيگە قارامدۇ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا قارامدۇ؟ يەنە كېلىپ بىر دۈيىنىڭ دۈيجاڭلىق ۋەزىپىسى ئۇنىڭ زىممىسىدە تۇرسا...

— قويۇڭلار بولدى، ئۇ تېپىلماسنىڭ خو مىسمىدى؟ زورىخان تاشلىۋېتىپ كەتكەن بىلەن بىز ئۇنى تاشلىۋەتمەدۇق. ئاتايىن ئۇنى دەپ قازان ئاسمايمىزدە، دىخانچىلىق ئىشلىرىغىمۇ قارىشىپ بېرەرمىز.

— زورىخانىنىڭ ئەشۇنداق قىلىپ نىمە مۇددىئايى باركىنتاڭ؟

— نىمە مۇددىئايى بولاتتى، قاسىم دۈيجاڭ دۈيجاڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى دىخانچىلىق ۋە ئۆي ئىشلىرىنى بىز قىلىپ بەرسەك، زورىخان ئۆيدە ئۆزىنى پەدەزلەپ ئولتۇرسا، ھەممە ئادەم ئۇنى „دۈيجاڭنىڭ ئايالى“ دەپ بېشىغا ئېلىپ كۆتەرسە بولىشۇدى، لېكىن ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. قاسىم دۈيجاڭنىڭ دۈيجاڭلىق خىزمىتىدىن بۇ خوتۇنغا ھېچقانداق نەپ تەگمىگەچكە ئۆزىنى ئەتىۋا قىلغىلى شۇنداق قىلىدۇ — دەڭلا.

— توختاڭلا باللار، بىز ئۇنىمۇ دىدۇق، بۇنىمۇ دىدۇق، قاسىم دۈيجاڭ دۈيجاڭ بولمىغان بولسا مۇشۇ گەپلەرمۇ بولمايتتى. مانا ئەمدى ئۇ، بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىلىمەن دەپ مۇشۇ كۈنگە قاپتۇ. بىز بۇ يەردە قۇرۇق پاراڭنى سوقماي، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ بېشىنى ساقايتىشىغا ياردەم قىلمامدۇق؟

— شۇنداق قىلايلى، مېڭىڭلا ئەمىسە.

مەھەللىدىكى كىشىلەر بىردىن، ئىككىدىن قاسىم دۈيجاڭنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنى كۆرگەن زورىخان ھەددىدىن تېخىمۇ ئېشىپ ئۆي ئىچىدىكى سەرەمجانلارنى ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ پومىلاۋاتاتتى. كەلگەنلەر بىردەم قاسىم دۈيجاڭغا، بىردەم زورىخانغا قارىشىپ ئۈنچىقماي جىم تۇرۇشتى.

— زورىخان ئىنساپ قىلىڭ، — دىدى ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چا ساقال بىر مويسىپىت دىخان، — قاسىم دۈيجاڭ بۇ ئۆيدە يالغۇز قالسا ئۇنىڭغىمۇ بىر نەرسە لازىم بولار!

— ئىنساپ قىلغان دىگەن مۇشۇ، — دىدى زورىخان ھەممەيلەنگە قاراپ چالۋاقاپ، — ھەممىنى ئالمەن. بۇ سەرەمجانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزەم قىلغان.

زورىخانىنىڭ ئاغزى بىر ئېچىلسا باسماق

تەس ئىدى. شۇڭا كېلگەنلەر ئۇنىڭغا ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. لېكىن قاسىم دۇيجاڭنى بىر چەتكە تارتىپ، ھەممىيلەن ئۇنى ئارىغا ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. ئاندىن يەنە ھېلىقى چاساقال كىشى زورىخانغا قاراپ:

— زورىخان، بۇ ئۆيدىن ئالىدىغان نەرسىلىرىڭىز تۈگىدىمۇ — قانداق؟ چاپسانراق بولۇڭ، بۇ نەرسىلەرنى ھەقچان ئۆزىڭىزلا يۆتكەپ بولالمايسىز، بىز ھارۋا قوشۇپ سىزنى تىزرەك يولغا سېلىۋېتەيلى — دېدى.

زورىخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تويپەتەك توختاپ قالدى.



— ھەسىلەرزە مېنى تېزرەك يولغا سېلىۋەتكىلى كەپتىكەنسىلەر دە!...— دېدى ئۇ كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ.

— ئەمەسچۇ، سىزدەك بىر خوتۇننىڭ مەھەللىمىزدىن كەتكىنىگە بۇ يەردە ئايالار ئازىيىپ قالاتتىمۇ!

— مۇنداق دەڭلا، بۇ گەپچە ھەممىڭلارنىڭ گېپى بىر ئىكەن-دە! سىلەر مېنى بۇ ئۆيدىن تىزرەك ھەيدىۋېتىپ قاسىمنى ئۆيلەمەكچىمۇ؟

— ئەلۋەتتە، سىز ئۇنى تاشلاپ كەتسىڭىز بىز ئۇنى ئۆيلەپقويىمىز-دە!

— كەتمەيمەن، كەتمەيمەن، مەن ئەندى بىلدىم، ھەممىڭلارنىڭ خىيالىنى بىلىپ بولدۇم، بۇ مېنىڭ ئون سەككىز يىللىق تۇتقان ئۆيۈم. قېنى قانداق ئادەم مېنى بۇ ئۆيدىن كۆچۈرەلەيدىكەن، ئۆزى كۆچسۇن!...

زورىخان بۇ چاغدا ئىشىك ئالدىغا يۆملىگەن نەرسىلىرىنى قۇچاقلاپ كۆتىرىپ ئۆي ئىچىگە ئېلىپ ماڭغان ئىدى.

# گۇمان

(ھېكايە)

ئا. ئالماس

يېرىم كېچە، بولۇتلۇق ئاسماندىن سىم-سىم باھار يامغۇرى يېغىۋاتاتتى. تۆت‌قەۋەتلىك ھەيۋەتلىك بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئۆيىنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى. چىراقنى ئۆچۈرۈپ ياتقىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان سەلىمىنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي، يۈرىكى قانداقتۇر بىر ئەنسىزچىلىك بىلەن ئۇرۇۋاتاتتى. شۇ ئارىدا ئىشىك ئۇشتۇمتۇت قېقىلدى، سەلىمە ھودۇقۇش ئىچىدە چاپىنىنى كىيىپ، دەككە - دۈككىدە ئىشىك تۈۋىگە كەلدى.

— كىم؟

— مەن.

سەلىمە ئۆزىگە تونۇش بولغان غوپۇرجاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئەندىشىسى يوقاپ ئىشىكنى ئاچتى. لېكىن ئۇ غوپۇرجاننىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھاراق پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى، تۇيغۇن قوي كۆزلىرىدە قانداقتۇ بىلگىلى بولمايدىغان غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. سەلىمە ئۇنىڭ سوغاق قارىشىدىن ھەيران قالدى ۋە كۆڭلىدە "بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولدىمىكىن» دېگەن ئوي پەيدا بولدى - دە، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— نەگە باردىڭىز، مۇشۇ كەمگىچىمۇ يۈرگەن بارمۇ؟ ئەنسىرەپ كۆزۈمگە زادى ئۇيقۇ كەلمىدى...

— نەگە بارغانلىقىمنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ غوپۇرجان سەلىمىگە قىرىچە تەگدى. ئەركىشى مەس بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ بىلەن سۆز تەگىشىش مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. شۇڭا سەلىمە قايتا گەپ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى. غوپۇرجان سەلىمىگە قانداقتۇر بىر گۇمانى تۈيغۇدا سەپسېلىۋاتاتتى. غوپۇرجان مەسلىكىنى تۇيدۇرماسلىققا تىرىشسىمۇ، لېكىن، ئاغزىدىن كېپى چۇشۇپ قېلىۋاتاتتى، شۇنداق

بولسىمۇ، ئۇ قايتىلاپ سورىدى:

— باللار ئۇخلاپ قالدىمۇ؟

— ئۇخلاپ قالغىلى نەۋاخ.

غوپۇرجان گەپ قىلماستىنلا كىچىك ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ چىراقنى ياندۇردى، ئۇ باللىرىنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ، ھەسرەتلىك بىر تىندى — دە، چىراقنى ئاستا ئۆچۈرۈپ ئارقىسىغا ياندى، چوڭ ئۆيگە كىرىپ ئىشكاپنى ئاچتى، ئۇنىڭدىن قارا سۆكنو شەپكىنى ئالدى — دە، تاشقارقى ئۆيدىكى كارۋاتنىڭ بۇرجىكىدە ئەنسىزلىك ئىچىدە ئولتۇرغان سەلىمىگە كۆرسەتتى. سەلىمە ئىشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنەلمەي ھاڭ — تاڭ بولۇپ قالدى. غوپۇرجاننىڭ قولى ئىختىيارسىز تىترەۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا شەپكىنى سەلىمىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ سورىدى:

— بۇ كىمنىڭ شەپكىسى؟

سەلىمە قاتۇرۇلغان ھەيكەلدەك سۆكۈت ئىچىدە نىمە دېيىشنى بىلمەي، ئاخىرى جاۋاپ بەردى:

— بىلمەيمەن.

— بىلمەيمىش، سىز بىلمىگەن شەپكە بۇ ئۆيگە قانداق كىلىپ قالدى؟ غوپۇرجان مەس بولغان بىلەن ھۇشى جايىدا ئىدى. شۇڭا، يەر ئاستىدىن زىلۋا بوي، قارا قۇمچاق كەلگەن ئايالىنىڭ چىرايىنى خۇپىيانە كۆزىتىۋاتاتتى. سەلىمىدە ھىچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. لېكىن يۈزىدە پەيدا بولغان ھەيرانلىق ئالامىتى تېخىچە يوقاپ كەتمىگەن ئىدى.

— غوپۇرجان، زادى نىمە دىمەكچىسىز؟ مىنى ئازاپلىماي، گەپنى ئوچۇق ئېيتسىڭىزچۇ! سەلىمە بەكمۇ جىددىيلىك ھەس قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا تىرىشىۋاتاتتى.

— سەلىمە خۇپسەنلىك قىلماڭ، ئالدىنقى كۈنى مېھرىگۇل چوڭ ئۆينىڭ ئاستىنى يۆغاندا، كارۋات ئاستىدىن مۇشۇ شەپكە چىقىپتۇ. بۇ شەپكە ئۆيگە زادى قانداق كىلىپ قالدى؟ ئۇ غەزەپتىنمۇ ياكى بولمىسا توڭغانلىغىدىنمۇ، غال — غال تىترەيتتى.

— سىز ئىشىنىڭ، شەپكىنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىگىنى، بۇ ئۆيگە قانداق كىلىپ قالغانلىغىنى بىلمەيمەن.

— ئىشىنىدىكەنمەن تېخى، شەپكىنىڭ نەدىن كەلگەنلىگىنى سەن بىلمىسەڭ كىم بىلىدۇ؟!

غوپۇرجان غەزەپتىن بىردىنلا سەلىمىنى سەنلەپ سالغانلىغىنىمۇ سەزمەي قالدى ۋە ئالدىدا تۇرغان ئايالىنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى، ئارقىدىن ئاچ بۆرىدەك سەلىمىگە ئېتىلىپ، بىلەكتەك ئۆرۈلگەن يۇمشاق چېچىنى قامااللاپ سىلكىشكە باشلىدى. سەلىمە "ۋايجان" دېگىنىچە، قاياققا تارتسا شۇ ياققا ئېگىلىپ، خۇددى مەجنۇنتالدەك تولغىناتتى. لېكىن ئۇ پوپاك سېلىپ، ئىشنى خوشنىلارغا ئاشكارىلاشنى خالىمىغانلىقتىن، چېچى تارتىلغان چاغدىكى ئازاپقا نائىلاج چىداشلىق بېرەتتى.

— راستىڭنى ئېيتامسەن — يوق؟ راستىڭنى ئېيتمايدىغان بولساڭ ... مەن سىنى...

دەرغەزەپتىن غوپۇرجاننىڭ ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەيتتى، چىشلىرى غۇچۇرلايتتى. تۈنۈگۈندىن بىرى ئۇنىڭ قەلبىنى پاراكەندە قىلىۋاتقان زىددىيەت ئۇنى ھەر خىل ئويلارغا سېلىپ ئازاپلىماقتا ئىدى، شۇڭا ئۇ بۈگۈن بازاردىكى مەيخانىغا بېرىپ، ھاراقنى بولۇشىغا ئىچكەن، يامغۇرنىڭ يېغىۋاتقىنىغا قارىماي باغدا ئولتۇرۇپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى مۇڭدىشىپ، كۆڭلىدە پەيدا بولغان گۇماندىن كېلىپ چىققان غەزەپنى باسالماي ئۆيگە كەلگەن ئىدى.

توي قىلغان ئون نەچچە يىلدىن بىرى، ئايالىنى تاك ئېتىپ چېكىپ باقمىغان غوپۇرجان نىمىشقا شۇ نې-

داق قىلىدۇ، ئۇنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتقان
سەۋەپ نىمە؟ ئۇ، سىفەن شۆيۈەندە ئوقۇۋاتقان
چېغىدىلا سەلىمە بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنى ياخـ
شى كۆرۈپ قالغان، سەلىمىمۇ ئېغىر مىجەز،
تەمكىن غوپۇرجاننى چىن قەلبىدىن ياقتۇرۇپ
قالغاچقا، مەكتەپ تۈگەشكە ئاز قالغاندا، ئۇـ
نىڭ تەكلىۋىگە ماقۇللۇق بىلدۈرگەن ئىدى.
ئۇلار ئارام ئېلىش كۈنلىرى باغ سەيلىسىگە
بارغاندا ياكى گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن گۈلـ
زارلىقتا ئولتۇرۇپ تاتلىق پاراڭلارغا چۆشكەنـ
دە، غوپۇرجان كەلگۈسى ئائىلىۋى تۇرمۇش
ھەققىدە گەپ ئېچىپ، ماركسىنىڭ ئۆز ئاياـ
لىنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدىغانلىغى، ئاياللارنى
خارلىغۇچىلارغا بەكمۇ ئۆچ ئىكەنلىگىنى، كەلـ
گۈسىدە شۇنداق ئائىلىۋى تۇرمۇش ئۆتكۈـ
زۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىغىنى قانچىلاپ قېتىم
ئوتتۇرىغا قويمىغانىدى، ئۇ ئايدىڭ كېچىلەرـ
دە مەكتەپ بېغىدا سەلىمە بىلەن سەيلە قىلىپ
يۈرۈپ ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرىنى سىلاپ تۇـ
رۇپ: " سەلىمە، چېچىڭىز نىمە دىگەن ئۇزۇنـ
ھە؟ " دىگەن سۆزلەرنىمۇ قىلغان ئىدىغۇ؟
شۇ يۇمشاق چاچنى بۈگۈن سىلكىشكە ئۇنىڭ
قانداقمۇ قولى باردىكىن؟

سەلىمە مۇشۇلارنى ئويلاپ، غوپۇرجاننىڭ
قىلىۋاتقان ئەسكىلىگى ئۈچۈن بەكمۇ خاپا بولـ
دى. ئارقىدىن يەنە خىيالىغا چۆكتى: " بۇ شەپـ
كە ھەققەتەن گۇمان تۇغدۇرىدۇ، تۇرمۇشتا
كىشى ئويلاپ باقمىغان بەزى تاسادىپى ئىشلارـ
مۇ بولۇپ قالىدۇ، ئەر كىشى ئۇنىڭ تېگىگە يەتـ
كىچە يا ئۇنداق، يا مۇنداق كۆز قاراشتا بولـ
ماسلىغى مۇمكىن ئەمەس. بۇ شەپكە زادى
قانداق قىلىپ كارۋات ئاستىغا پەيدا بولۇپ
قالىدىكىن، تۇرمۇشىمىزنىڭ ئىناق ئۆتىۋاتـ
قانلىغىنى كۆرەلمەيۋاتقانلارنىڭ ئىشى بولۇپ
قالمىسۇن يەنە؟ بۇ، ئاخىرى ئېنىقلىنىدۇ. بىـ
راق، شۇ ۋاقىتقىچە سەۋرى قىلىشىم كېرەك،
بۇ سىر ئېچىلغاندىلا غوپۇرجان مېنىڭ ئالـ
دىمدا...»

سەلىمە ئويلىغانسېرى كۆزلىرىدىن چىققان
ئاچچىق يېشى بېغى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆـ
كۈلىۋاتاتتى. ئۇ، ئېسەدەپ تۇرۇپ دىدى:

— غوپۇرجان، ئۇنداق قىلماڭ،
ماڭا بىكار قارا سۈركەۋاتىسىز، مەندە گۇنا
يوق، ئايالىغا ئىشەنمىگەن ئەرلا كۈنلەيدۇ، گۇـ
مانخور كېلىدۇ. ئورۇنسىز گۇمان بىلەن مېنى
ھەم ئۆزىڭىزنى ئازاپلىماڭ، چېچىمنى قويىۋىـ
تىڭ، بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ.

سەلىمىنىڭ ئاۋازى ھەققەتەن ئادەم ئېچىنغۇـ
دەك مۇڭلۇق ئىدى. ئۇنىڭ گەپلىرى ھەقلىق
بولسىمۇ، لېكىن، غوپۇرجاننىڭ كاللىسىدىن دەرـ
ھال ئۆتمەيۋاتاتتى.

— راستىڭنى ئېيت، بولمايدىغان بولسا ...

سەلىمە يۈرەك سۆزلىرى ئارقىلىق يولدىشىنىڭ
كۆڭلىنى يۇمشاتالمىدى، ئاخىرى بىئىلاج ئۇنىڭ
قولىدىن بوشۇنۇش خىيالىغا كەلدى. ۋە غوپۇرجانـ
نىڭ مەسلىگىدىن پايدىلىنىپ، بىرلا سىلكىنىپ چېـ
چىنى قولىدىن بوشاتتى، غوپۇرجان قوغلاپ يەتكىچە
سەلىمە چاققانلىق بىلەن چوڭ ئۆيگە كىرىپ،
ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋالدى.

— ئاچ، ئاچمايدىغان بولساڭ، — دىدى غوـ
پۇرجان ئىشىكنى ئىتتىرىپ، — كۆرگۈلۈكۈڭنى
كۆرسەن.

— يولسىزلىق قىلماڭ، ھەرقانداق ئىش بولسا
ئەتە سۆزلىشەيلى، — دىدى سەلىمە ئۆي ئىچىـ
دىن مۇلايىملىق بىلەن، — ئارام ئېلىڭ، كەچـ
تە باللارغا لەغمەن ئېتىپ، سىزگىمۇ ئېلىپ
قويغان، قوسىغىڭىز ئاچ بولسا يېۋېلىڭ!

سەلىمىنىڭ تىتىرەپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزـ
لىرى غوپۇرجاننى ئىشىكنى ئىتتىرىشتىن توختـ
تاتتى. بىراق، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن شۈبھە كۆـ

تۇرۇلۇپ كەتمىگەچكە، مېڭىسىدىكى قۇرۇت ئۇنى يەنە ئەزۋەيلەشكە مەجبۇرلاۋاتاتتى:

— كىمنىڭ شەيپىسى ئىكەنلىگىنى سەن بىلمىسەڭ، كىم بىلىدۇ؟ مەن ئىشەنمەيمەن.

— مەنمۇ بەك قىينىلىۋاتىمەن. بۇ بىر تېپىشقاق، ھەر ھالدا بۇ تېپىشماقنى تاپماي بولمايدۇ.

قايتا بۇ مەسىلىنى تەگەشكە سەۋەپ تاپالمىغان غوپۇرجان بىردىنلا بوشاشتى. ئاخىرى پەسكويىغا چۈشۈپ، ئۈن- تىنسىز لائىشنىڭ تۇۋىدىن ئارقىغا چېكىندى. غوپۇرجان قوسىقى ئاچ بولسىمۇ، ماغدۇرسىزلىقتىن، ئايىغىنىمۇ سىلىشقا ئۈلگۈرمەي، كۆرپە سېلىنغان كارۋات ئۈستىگە ئۆزىنى گۈپپىدە تاشلىدى.

2

يولدىشىدىن ئورۇنسىز تاياق يىگەن سەلىمە قاتتىق رەنجىدى. چۈنكى، غوپۇرجان تۇرمۇش قۇرغاندىن تارتىپ، مۇشۇ ھادىسە سادىر بولغىچە سەلىمىنى پەقەت رەنجىتمىگەن ئىدى. سەلىمە مېھرىگۈل بىلەن پازىلجاننى ئارقا- ئارقىدىن تۇغۇپ بىرسىنى 10 ياشقا، بىرسىنى 9 ياشقىچە كىرگۈزگىچە غوپۇرجان سەلىمىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ، تاماق ئېتىشكىچە تەڭ كۈچ چىقىراتتى. سەلىمىمۇ غوپۇرجاننى ھۆرمەت قىلاتتى، بېشىغا ئېلىپ كۆتەرگىدەك بولاتتى. بۇلارنىڭ بىر- بىرىگە بولغان كۆيۈنۈشلىرى خۇلۇم- خوشنىلارنىمۇ ھەيران قالدۇراتتى. سەلىمە ئەشۇ شېرىن، مەنىلىك ئۆتكۈزگەن كۈنلەرنى قايتا- قايتا ئەسلەپ، تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، بالىلىرى بار ئۆيگە كىردى. كارۋاتتا بالىلىرى بىخارامان ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ، بالىلىرىغا قاراپ كۆڭلى يېرىم بولدى، ئارقىدىن ھېچنەمىنى تۇيماي لەرزان

خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان غوپۇرجاننىڭ قېشىغا كىرىپ، بىر ھازا تۇرۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭ كېچىكى قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، قەلبىدە بىردىنلا غەزەپ ئوتى يېنىشقا باشلىدى، بىراق، ئۇزۇن يىللىق بەختىيار تۇرمۇشىنى ئېسىگە ئېلىپ، يېڭىۋاشتىن خىيالغا چۆكتى: « ئۇنىڭ مېنىڭ قەلبىمنى مۇشۇ كەمگىچە چۈشەنمىگىنى بەكمۇ قاملاشمىغان ئىش بولدى، ئەرلەرنىڭ گۇماندىن خور كېلىدىغانلىقىمۇ ئېنىق. ئۇ، بىكۆيۈم ئەر ئەمەس، لېكىن ئۇنى شۇنداق قىلدۇرغان- شەپكە. بۇنى ئېنىقلىماي زادى بولمايدۇ. گۇمان- شۈبھە يېشىلمىگىچە مەن ئۇنىڭ يۈزىگە قانداق قارىيالايمەن؟ كۆڭلۈمدىكى غەشلىكتىن قۇتۇلماي تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ بىر ئۆيدە بولۇشۇم مۇمكىن؟! »

سەلىمىنىڭ خىيال يىپىنى ئەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرگەن مېھرىگۈلنىڭ « ئانا » دىگەن يېقىملىق ئاۋازى ئۈزۈپ تاشلىدى.

— قىزىم، تۇردۇڭمۇ؟ دەرھال يۈزۈڭنى يۇغىن، — دىدى سەلىمە روھى ھالىتىدىكى يامانلىقنى سەزدۈرمەسلىككە تىرىشىپ، — ساڭا گېپىم بار.

سەلىمە شۇ سۆزنى قىلىۋېتىپ، غوپۇرجاننىڭ ئايىغىنى سالدۇردى. ئۈستىگە يوتقان يېپىپ قويدى. ئاندىن دەرىزە تاكچىسىدىكى تەشتەكتە تۇرغان گۈللەرگە سۇ قۇيدى، تەشتەكتە ھۆپپىدە ئېچىلغان قىزىل گۈلنى تازا بىر پۇرىۋالغاندىن كېيىن، ھەسرەتلىك تىنىدى- دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قىزى مېھرىگۈلنى چاقىردى:

— قىزىم مېھرىگۈل، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى چوڭ ئاناڭغا ئۆيدە يېتىپ- قوپۇپ قاراۋاتاتتىم، ئىككى يەردە تاماق ئېتىپ

بەكمۇ قىينىلىپ كەتتىم ، خىزمىتىمگە تەسىر
يېتىۋاتىدۇ ، ئەندى ئۇنداق قىلالمايمەن .
چوڭ ئانالىق ياخشى بولغىچە داداڭلار بىلەن
تاماق ئېتىپ يەپ تۇرۇڭلار ، ئۆيگە ياخشى
قاراڭلار ، گۈللەرگە ۋاقتى ـ قارايىمدا سۇ
قۇيۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار ، ئوبدان ئوقۇڭ ـ
لار . داداڭ ئورنىدىن تۇرغاندا ئۇنىڭغا مەن
دىگەن گەپلەرنى دىگىن ، تۈنۈگۈن چوڭ ئا ـ
ناڭنىڭ ئەھۋالى بىر ئاز ئۆزگىرىپ قالغان
ئىدى . هازىر دوختۇخانىغا بارمىسام بول ـ
مايدۇ ...

سەلىمە سۆزىنى تۈگىتىپلا ئىشىك تەرەپكە
ماڭدى . بۇ چاغدا پازىلجانمۇ ئورنىدىن تۇ ـ
رۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى . سەلىمە ئۇنى
كۆكسىگە چىڭ بېسىپ سۆيگىنىچە
بەزلىدى ، دادىسىنىڭ ، ھەدىسىنىڭ سۆزىنى
ئوبدان ئاڭلاپ ، تىرىشىپ ئوقۇش ھەققىدە
بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلدى ـ دە ، خوشلۇ ـ
شۇپ ئۆيدىن چىقتى .

3

غوپۇرجان خېلى ۋاقىتچە ئورنىدىن تۇردى .
تاشقىرىدا يامغۇر توختىغان بولسىمۇ ، لېكىن ،
هاۋا تولۇق ئېچىلمىغان ئىدى . ئاسماننى بۇ ـ
لۇت قاپلاپ تۇراتتى . غوپۇرجاننىڭ مەسلى ـ
كى يېشىلمىگەچكە ، ۋۇجۇدىدا كۈچ يوق ئىدى .
بېشى قېيىپ ، قۇسۇپ تاشلايدىغاندەكلا تۇرات ـ
تى . ئۇ ، مېھرىگۈلدىن ئەھۋالنى ئۇقتى ۋە
ھەسرەتلىك تىندى . شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆي
ئىشلىرى غوپۇرجاننىڭ باشقۇرۇشىغا قالدى .
ئۇ ، مەكتەپتىن كېلىپ تاماق ئېتىشكە ئاران
ئۈلگۈرەتتى . قىسقىسى ئۇ ، بۇ ئەھۋال توغ ـ
رۇلۇق ھېچكىمگە تىنمىدى . سەلىمىگە بەكمۇ
ئىچەكىشىپ كەتكەچكە ، ئۇنىڭسىز ئۆتكەن
كۈنلىرى ئەمەن چاينىۋالغاندەك مەنىسىز ئۆ ـ
تۈۋاتاتتى .

ئارىدىن ھەش ـ پەش دىگىچە بىر ھەپتە
ئۆتكەن بولسىمۇ ، غوپۇرجان سەلىمە بىلەن
كۆرۈشەلمىدى . ئۇ ، قېيىناتىسىنىڭ ئۆيىگە
بارغاندا بولسۇن ياكى دوختۇرخانىدا يات ـ
قان قېيىنانىسىنى يوقلاپ بارغاندا بولسۇن ،
سەلىمە بىلەن ئۇچرىشالمىدى . بىر كۈنى ئۇ
يېرىم سائەت بۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ ، مەيخا ـ
نىغا بېرىپ ، يۈز گىرام قېقىۋالدى ـ دە ،
سەلىمە ئىشلەيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ
ئالدىدىكى يولنىڭ چېتىدە تۇردى . بىلمەر ـ
بىلمەس چىقىۋاتقان سوغاق باھار شامىلى
دولىنى قورۇسىمۇ ، لېكىن ئۇ سوغاققا پە ـ
سەنت قىلماي ، مەكتەپ ئىشىكىدىن كۆزىنى
ئالماي قاراپ تۇراتتى ، بىر چاغدا مۇئەللىم ـ
لەر بىردىن ـ ئىككىدىن بولۇشۇپ ئۆيلىرىگە
مېڭىشتى ، لېكىن بۇ قاتاردا سەلىمە يوق ئى ـ
دى . غوپۇرجان بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىنى
توسۇپ سەلىمىنى سورىغان ئىدى ، ئىشخانىدا
قالغانلىقىنى ئېيتتى .

غوپۇرجان ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەندە ، سە ـ
لىمە تاپشۇرۇق تەكشۈرۈۋاتاتتى . يولدىشىنى
كۆرگەن سەلىمە ئورنىدىن تۇرغان بولسىمۇ ،
ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى ،
تىلى كالۋالىشىپ گەپ قىلالماي . يېنىچە ماي
تارتىپ تۇرۇۋالدى . تەڭ قىسلىقتا قالغان
غوپۇرجان بىر قىزىرىپ ، بىر تاتىرىپ . ئۇ ـ
نىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتقان ـ
دىن كېيىن ، سەلىمە تەستە زۇۋان سۈردى :

ـــ شەپكىڭىزنىڭ ئىگىسى چىقتىمۇ؟

ـــ ياق ، تېخى تېگىگە يېتەلمەي سارالڭ
بولۇپ قالغىلى تاسلا قېلىۋاتىمەن ، ـ جاۋاپ
بەردى غوپۇرجان .

ـــ مېنى تولا قېينىماي ، ئاخىنىڭىز شەرد ـ
پىگە مېھمان چاقىرغاندا كەلگەنلەردىنمۇ سو ـ

رۇشتۇرۇپ بېقىڭ !

— سۇرۇشتۇرۇپمۇ كۆردۇم ، كەلگەنلەردىن
بىرەرسىمۇ شەپكىنى مېنىڭ دېمىدى.

غوپۇرجاننىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىن تار —
تىپ ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بىللە ئوقىغان سا —
ۋاقدىشى ئەمەتجان تەكلىپ بىلەن «ن» شەھە —
رىدىكى سىفەن شۆيۈەنگە بىر ئايلىق ماتىماتى —
كا دەرسى ئۆتۈشكە كەلگەن ئىدى . ئۇ قاي —
تىش ئەرپىسىدە غوپۇرجان ئۆز ئۆيىدە ئەمەت —
جانغا ئۇزۇتۇش زىياپىتى بەرگەن، بۇ زىيا —
پەتكە غوپۇرجان ئون نەچچە خىزمەتدىشىنى
چاقىرىپ تاكى تاڭغىچە ئولتۇرۇشقان ئىدى .
سەلىمە شۇ كۈنكى ئولتۇرۇشنى قايتا ئەسلەپ،
يەنە كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا
قويدى :

— دوستىڭىز ئەمەتجاننىڭ شەپكىسىمۇ قارا
سۆكنودىن تىكىلگەن شەپكىدەك قىلىۋاتاتتى .
مەن شۇ كۈنى ئۇنىڭ دالانغا يالاڭباشتاق
چىققانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم . شۇنىڭ بولۇپ
قالمىسۇن يەنە ؟

بۇ گەپ بىلەن غوپۇرجان بىر ئاز سەگەك —
لەشتى . لېكىن سەلىمىنىڭ پەرىزىگە ئى —
شىنىپمۇ كەتمىدى.

— ئۇنداق بولسا بىرەر خەت — پەت بول —
سىمۇ يېزىپ قويماسمىدى ؟

— دىگىنىڭىزمۇ دۇرۇس ، ئېھتىماللىغا قارى —
شى سۈرۈشتە قىلىپ قويغىنىڭىزنىڭ زىيىنى
يوق . ئاڭلىشىمچە ، كىشىلەر قاتتىق مەس
بولغاندا نەگە بارغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان
ھالەت بولىدىكەن . ئۇمۇ شۇ كۈنى خېلى ئې —
غىر ئىچكەندەك تۇراتتى ، شەپكىسىنىڭ نەدە
قالغانلىقىنى پەرەز قىلالماي قالغان بولۇشىمۇ
مۇمكىن.

سەلىمە سۆزى ئاياقلىشىشىغا ساپتىڭە قا —
راپ ، ئانىسىنى ئېسىگە ئالدي — دە ، دەر —
تەرلەرنى يىغىشتۇرۇپ سومكىسىغا سالدى .
غوپۇر جانمۇ ئوشۇق — تۆشۈك گەپ قىلماي ،
ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى . ئۇلار چان —
دۇرماي مەكتەپ ئىشىكىدىن چىققىچە بىللە
ماڭدى ، ئىشىكتىن چىققاندىلا ، ئايرىلىپ
باشقا — باشقا ياققا كەتتى.

بىر كۈنى غوپۇر جان ئاخىرقى دەرسىنى
بېرىپ بولۇپ ، ئىشخانىسىغا كىرگەندە ، شىرە
ئۈستىدىكى ئۆز نامىغا كەلگەن زاكاز خەتكە
كۆزى چۈشتى . ئۇ لېپاپىنى يىرتىپ ، خەت —
نى ئوقۇپ بولۇپ ، ئايالى سەلىمىنىڭ ئۆت —
كەندە قىلغان مۇنۇ سۆزلىرىنى ئەسكە ئال —
دى : " ھازىرقى زاماندا ئىلىم — پەن شۇنچە
تەرەققى قىلدى ، لېكىن ئىنسان يۈرىكىنىڭ
پاك — ناپاك ئىكەنلىكىنى تەكشۈرىدىغان ئاپا —
رات تېخى دۇنياغا كەلمىدى ، ئەگەر شۇن —
داق ئاپارات ئىجات قىلىنغان بولسا ، مې —
نىڭ يۈرىكىمنىڭ زادى قانداقلىقى ئاللىقا —
چان مەلۇم بولاتتى . غوپۇرجان ، مەن سىز —
گە يەنە بىر قېتىم شۇنى ئېيتىمەنكى ، مەن
ھەننىۋا گۈلگە قونۇپ ، ئۇنىڭ شىرنىسىنى
تېتىپ بېقىشنى نىيەت قىلىدىغان كېپىنەكلەر —
گە ئوخشىمايمەن . مەن مۇھەببەتكە خىيانەت
قىلىدىغان ئاياللارنىڭ ئۆزىگە بەختسىزلىك
ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ، شۇنداقلا ئىككى قە —
لبنى جاراھەتلەندۈرىدىغانلىقىنى بىلمەن ،
پاكىت ھەممىنى قايىل قىلىدۇ . مېنىڭ قان —
داق ئايالىغىم جامائەتكە ۋە ئۆزەڭگە بەكمۇ
ئايان ، يامانلىقنىڭ قاچان پاش بولىغىنى
بار ؟ "

غوپۇرجان قولىدىكى خەتنى قايتا — قايتا
ئوقۇپ ، ئۆزىنى ئېيىپلىدى : " گۇمان ئىمان —
نى قاچۇرىدۇ " دىگەن مانا شۇ — دە !
مەن ئورۇنسىز گۇمان بىلەنلا سەلىمىنى "
ئۇ قولىدىكى خەتنى يانچۇغىغا سېلىپ قو —

يۈپ، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. شۇ ئارىدا، مەكتەپتىن قايتقان مېھرىگۈل بىلەن پازىلجان بۆلۈمگە كىرىپ كەلدى ۋە چوڭ ئانىسىنىڭ بالنىتسىدىن چىققانلىقىنى ئېيتتى. غوپۇرجان بالىلىرىغا:

— سىلەر ئۆيگە بېرىپ، چاي — پاي ئىچىپ، دەرس تەكرارلاڭلار. مەن ئىشتىن ياندا، چوڭ ئاناڭلارنى يوقلاپ، ئاندىن ئۆيگە بارىمەن، — دېدى — دە، بالىلىرىنى ئۆيگە كېتىشكە دەۋەت قىلدى. مېھرىگۈل:

— ئانام، چوڭ ئاناڭلار بالنىتسىدىن چىقسا ئۆيگە قايتىپ كېلىمەن دېگەنتى، قايتىپ كەلمەمدۇ؟ — دەپ سورىدى. بۇنىڭدىن ھودۇقۇپ قالغان غوپۇرجان چاندۇرماي:

— ئاناڭلارنى ئىككى كۈندە بىر كۆرۈپ تۇرۇپمۇ سېغىنىپ قاپسىلەندە، قايتىپ كېلىدۇ، مېڭىڭلار، — دېدى. لېكىن ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە ئېنىق ۋەدە بېرەلمىدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن غوپۇرجان بىلەن سەلىمە ئۆيگە كەلگەندە، بالىلىرى ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، سائەت 10 دىن سەل ئاشقان ئىدى. قارشى بىنانىڭ ئۈستىگە كەلگەن تولۇنئاينىڭ نۇرى دېرىزىدىن ئۆيگە چۈشۈپ تۇراتتى. سەلىمە بالىلىرى ياتقان ئۆيگە كىرىپ، ئۇلارغا قاراش بىلەن كۆزىدىن ياش كەتتى، بۇ ھال غوپۇرجاننى تېخىمۇ تەڭلىكتە قالدۇردى. خېجىللىقتىن، يۈرەك ئازاۋىدىن تىلىگە پىكە كەلمەي قالغان غوپۇرجان ھېلىقى خەتنى يانچۇقىدىن ئېلىپ، ئايالىغا سۇندى. لېكىن گۇناھكاردەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمىدى.

„ ...... غوپۇرجان، ×× شەھرىدىن قايتىپ، ئۇرۇمچىگە يېتىپ بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ئىچكى ئۆلكىلەرگە زىيارەتكە كېتىپ قالدىم، شۇۋەجىدىن ساڭا ۋاقتىدا خەت يازالمىدىم، خاپا بولما! يەنە بىر ئىش، مېڭىشتىن بىر كۈن بۇرۇن سېنىڭ ئۆيۈڭدە مېھمان بولغىنىمدا، چاپىنىمنى چوڭ ئۆيۈڭنىڭ بۇلۇڭىدىكى كارۋاتقا تاشلاپ، شەپكەمنى ئۈستىگە قويغانلىقىم ھازىرقىدەك ئېسىمدە. قىزىقچىلىقتا كۆپرەك ئىچىپ، قايتىش ۋاقتىمدا مەس بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، چاپاننى ئېلىپ، شەپكەمنى ئۇنتۇپ قايتىمەن. ياتاققا كېلىپ ئويلىسام، بېشىمدا شەپكەم يوق، ئەھۋال مەن دېگەندەكمۇ — ئەمەسمۇ، ماڭا بۇ ھەقتە خەت يېزىپ قويارسەن. مەن بۇ خەتنى بېيجىڭدىن يازدىم... “

سەلىمە خەتتىكى شەپكە ھەققىدىكى قۇرلارغا قايتا — قايتا كۆز يۈگۈرتكەندە، زىلۋا بەستى غال — غال تىترەپ كەتتى، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئېسەدەپ يىغلاپ سالدى. بىر ھازادىن كېيىن، سەلىمە ئالدىدا يا — ئاق، يا — كۆك دېمەي، قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرغان ئېرىگە قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئەمدى ھېلىقى كېچىدىكى دەھشەتلىك قىياپەتتىكى ئەر ئەمەس، بەلكى نەچچە يىلدىن بۇيانقى مېھرىۋان، ئاقكۆڭۈل ئەر تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇستاز

(نەسىر)

ئابلىمىت باتۇر

مەن مەكتەپكە كىرگەن تۇنجى كۈنۈمنىڭ ئەتىسى ئوقۇتقۇچۇم مېنى دوسكىغا چىقىرىپ، ئىللىق چىراي بىلەن:

— تۈنۈگۈنكى تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەندە ئۇ چاغ سەممىيەتتىن باشقا بىرەر غەيرى قاراش بولمىغاچقا، راستىنى ئېيتتىم:

— ئىشلەپ كەلدىم.

— ئەمىسە، — دەپ ماڭا بورنى تەڭلىدى مۇئەللىم، — «ئا» نى يېزىپ بېقىڭچا؟

مەن قوللىرىم تىترىگەن ھالدا «ئا» نى يېزىشقا باشلىدىم. ئۇنى يازماق شۇنچە تەس بولدىكى، بىر دەم ئىگىز، بىر دەم پەس چۈشۈپ، ئىككى تاپىنىم كۆتىرىلىپ، چېكەمدىن تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. مەن ئاران دېگەندە «ئا» نى يېزىپ بولۇپ، ئۆزەمنى چەتكىرەك ئالدىم-دە، مۇئەللىمنىڭ نىمە دەپ باھا بېرىشىگە قاراپ تۇردۇم. مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ:

— قانداق، توغرى بولدىمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، ھەممەيلەن:

— توغرا — توغرا دەپ چۇقۇراشتى. بىراق بىر ساۋاقدىشىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— توغرا بولغان بىلەن مايماق يېزىلىپ قالدى — دېدى. قارىسام، دېگەندەك «ئا» دوسكىدا ئىككى بۆلۈككە ئۈدۈللىنىپ يېزىلىپ قاپتۇ. مۇئەللىم بۇنىڭ بىلەن بىزگە قىزىقىپ قالدى، ھىلىقى مەندىن كەمچىلىك تاپقان بالىنىمۇ دوسكىغا چىقىرىپ «ئا» نى يازغۇزدى. لېكىن ئۇ مەندىنمۇ بەك مايماق يېزىپ قويغىنى ئۈچۈن سىنىپتا كۈلكە كۆتىرىلىپ كەتتى. مۇئەللىممۇ بىز بىلەن ھارغىچە كۈلدى. كېيىن ئىككىمىزنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ «ئا» نى يېزىش ئۈستىدە يېڭىۋاشتىن دەرس ئۆتتى. دوسكا ئالدىدا گەۋدىنى قانداق رۇسلاپ تۇرۇشنىمۇ تەكرار — تەكرار كۆرسەتتى، ئاخىرىدا ھەممەيلەننىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى بىر — بىرلەپ كۆرۈپ چىقىپ:

— ياخشى، ياخشى، ھەممىڭلار ئىشلەپ كەپسىلەر. بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق تىرىشىش كېرەك — دەپ ھەممىمىزنى ماختاپ قويدى.

ھۆرمەتلىك كىتاپخان! مەن 7 يېشىمدا مەكتەپكە تۇنجى قەدەم بېسىپ كىرىپ، ئەتىسى بول-

غان بۇ ۋەقەنى ئەسلەپ ئۆتتۈم. مانا گۇۋا بولۇپ تۇرۇپسىزكى، مۇئەللىمنىڭ «ئا» دىن ئىبارەت بىر ھەرپنى ئۆگىتىشكە كەتكەن ئەجرى شۇنچە بولغان يەردە، كېيىنكى ئىشلارغا سەرپ قىلىنىدىغان ئەمگەكنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلىش كېرەك؟

مىليون - مىليون كىشىلەرگە تونۇلغان ئالىي جاناپلارمۇ ئانىسىدىن تۇغۇلۇپ، مۇئەللىمنىڭ قوللىدا ئاندىن كامالەتكە يېتىدۇ. فارابىدەك ئۇنىۋېرسال ئالىم، مەخمۇت قەشقەرىدەك بۈيۈك تىلشۇناس، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئۇلۇغ شائىر، گوركى ۋە لۇشۈنلەرگە ئوخشاش شۆھرەتلىك يازغۇچىلار، داروين، ئېدىسونلاردەك مەشھۇر ئالىملار، پىداگوگلار، دوكتورلار ۋە قابىلىيەتلىك گېنراللارمۇ ئىلىم - پەن چوققىسىغا چىقىش ئۈچۈن بولغان تۇنجى قەدىمىنى مانا شۇنداق باسىدۇ. ئۇلارمۇ «ئا» نى يېزىشنى شۇنداق تەستە ئۆگىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتا شۇنچە زور ئاتاق ۋە ئىلمىي ئۇنۋانلارغا ئىگە بولۇپ قېلىشىدا مۇئەللىمنىڭ ھەسسىسى قانچىلىك كۆپ - ھە؟!

ئەگەر سىز ماھىر ماتىماتىك بولسىڭىز، مۇئەللىمنىڭ سىزگە «ئا» يېزىشنى ئۆگىتىشكە كەتكەن ئەمگىكىنى بەلگىلىك سان بىلەن ئۆلچەم قىلىۋېلىپ، شۇ بويىچە ئۆزىڭىزنىڭ ماتىماتىك بولۇپ يېتىشكەن ۋاقتىڭىزغىچە بولغان ئارىلىقنى ھېساپلاپ باقسىڭىز، ئالدىڭىزدا تۇرغان سانلارنىڭ كۆپلىكىدىن ھەيران قېلىشىڭىزدا گۇمان يوق.

بۈگۈنكى كىشىلىك ئالەمدە، قايسىبىر مۆجىزات مۇئەللىمسىز ۋۇجۇتقا چىققان، قايسىبىر مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋەت ئۆز غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالىغان؟ دۈشمەن قورشاۋىدا قالغان جەڭچى نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغىنىدا، مۇئەللىمنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلاق پەردىسىنى تىترىتىدۇ - دە، ھېچبىر مىزان بىلەن ئۆلچەپ بولمايدىغان غەزەپكە كېلىپ، دۈشمەنگە يولۋاستەك تاشلىنىدۇ. ئەنە قاراڭ، پەن - تەتقىقات چوققىسىغا يامىشىۋاتقان ئىلىم ئەھلىلىرى، بۇ ئىگىز داۋاننىڭ مۇشكۇل يېرىگە كەلگەندە مۇئەللىم تۈزگەن كونسپېكتىنى ۋاراقلىماقتا، ھەممە ئاسايىشلىقنى مۇئەللىم سىزىپ بەرگەن چىرتيوژدىن ئىزدەۋاتماقتا.

كائىنات بوشلۇقىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان ئاسمانىتلار (ئۇچقۇچىلار) دېڭىز - ئوكيانلار تېگىدە شۇڭغۇپ زەر جاۋاھىرلار ئىزدەۋاتقان غەۋۋاسلار، ئۆز نەتىجىلىرىنى مۇئەللىمنىڭ پىراكتىكىدا دەرس بەدىلىگە يېزىپ، ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلەنمەكتە.

جاھان تەنتەربىيە مۇنبىرىدە، كۆكسىنى ئالتۇن مېدال بىلەن بېزەپ تۇرغان ياش ئەزىمەتنىڭ ئارقىسىغا قارىسىڭىز، مۇئەللىمگە كۆزى چۈشىدۇ. ۋەتىنىمىزنىڭ ئىززەت - ئابرويى ئۈچۈن نيۇيورك بىنالىرىدا كەسكىن مۇنازىرە قىلىۋاتقان دىپلوماتلىرىمىزمۇ ئۆز مەنتىقىسىنى مۇئەللىمنىڭ دەرسى ئىچىدىن تاللاپ ئالماقتا.

سىز يېقىندىن بېرى باغۇ - بوستانلىق، يېزا - قىشلاقلارغا بارغانسىز، ئەلمىساقتىن تارتىپ مۇڭلۇق لاي - لاي بىلەن باغرى ئېزىلىپ، ئۆپكىسى ئېچىپ، ماغدۇرسىز ئاياقلىرىنى تەستە يۆتكەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



خامان تېپىشۋاتقان دىخان بوغۇنىكى كۈندە، ئالتۇن باشاقلىق بوغداي ئېتىزىدا كاراپەتەك ئۈزمەكتە. ئەنە گۈكىرەپ سول يېرىپ كېتىۋاتقان كومبايىن ئۈستىدە بەستلىك، قىران يىگىت رول تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇمۇ تېخى تۈنۈگۈنلا مۇئەللىم قولىدىن شاھادەتنامە ئېلىپ ئېتىزلىققا كەلگەنىغۇ؟

قەدىرلىك كىتاپخان! ۋەتەندىن ئىبارەت بۇ كاتتا باغچىدا ئېچىلغان سان ـ ساناقسىز گۈل ـ غۇنچىلارغا قارىسىڭىز، ھەر بىرىنىڭ تۈۋىدە مۇئەللىمنىڭ ئىزىنى ئۇچرىتىسىز. ھەر بىر ياپراقتا مۇئەللىمنىڭ پەرۋىشكاھلىق تامغىسى بېسىلغان.

مەن ئەنە شۇ گۈل ـ غۇنچىلاردىن پەقەت بىرى. شۇڭا قازانغان ئۇتۇقلىرىمنىڭ ھەر بىرىنى بىر لەۋھە قىلىپ، ئېھتىرام بىلەن مۇئەللىمگە تۇتىمەن. بېشىمنى ئېگىپ غۇبارسىز سالامىمنى ئىزھار قىلىمەن. مۇرەككەپ پائالىيەت ئوچىقى بولغان بۇ جاھاندا ئادەملەر خىلمۇ ـ خىلدۇر. مۇئەللىمنىڭ ئۇلۇغ ئىنسان ئىكەنلىكىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان ئاز بىر قىسىم كىشىلەرمۇ بار، بۇنداقلارغا شۇنى مۇراجىئەت قىلىمەنكى، ئەگەر سىز بىرەر ئىش، بىرەر ھېكمەتنىڭىز بىلەن پەخىرلىنىپ ئۆزىڭىزگە تەمەننا قويىماقچى بولسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز ئۇنى كىمدىن ئۆگەنگەنلىكىڭىزنى، بۇ يولنىڭ بېشىنى ئەڭ دەسلەپ سىزگە كىم كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى ئېسىڭىزگە ئېلىڭ. ئاندىن ئېقىل تاپىسىز، ئاندىن ئۆزىڭىزنىڭ ئاددى شاگىرت ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىسىز.

ھۆرمەتلىك يولداش! كۈندىن ـ كۈنگە تەرەققى قىلىۋاتقان بوگۈنكى بۇ ئادەملەر دۇنياسىدا مۇئەللىم ـ بىباھا گۆھەر.

مەن سىزنى بۇ گۆھەرنىڭ قەدرىگە يېتىش بويىچە مۇسابىقىغا چاقىرىمەن. قايسىڭىزنىڭ ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقىڭىزغا يەنىلا مۇئەللىم رېپرلىك قىلسۇن!

1984 ـ يىل، ئىيۇن، مارالۋېشى.

## ماقال ـ تەمسىللەر

△ بەرگەن خۇداغا يېقىن،
بەرمىگەن گۇناغا (يېقىن)

△ تىرىك بازارغا ئالدىرار،
ئۆلۈك مازارغا.

△ كۆپپاكىدىن شامال چىقار،
جۆرئەتتىن ئامال (چىقار)

△ تاۋۇزنىڭ خېمى
باققالنىڭ غېمى

△ ياخشى ۋەزىر
كۆرسەڭ خەزىر

△ مېۋىنى باغدىن ئۈزۈپلا يە.
بېلىقنى سۇدىن.

△ ئوت ئۆلغۇيار ياتار چاغدا،
ئوقەت كۆپىيىپتۇ ئۆلەر چاغدا.

△ سەن ئوبدان، مەن ئوبدان،
ئوچاق ئوبدان نان ئوبدان.

△ بىكاردىن ئات بولسا،
كاسام ئاغرىدى دىمەي مىنىپتۇ.

△ بوگۈن ئۆچ كۈن بولدى، تۆلكە ئاكاڭ ناشتا،
بىر بالاسى بولمىسا قويرۇق تۇرامدۇ تاشتا؟

(سەكىت ناھىيە شەھەر 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئابدۇمىجىت ئاۋۇت توپلىغان)

# تۈيۈقلار

مەمتىلى زۇنۇن

1

قارا تۈن جاللاتى ئاقىل ئىجاتكار باشىنى كەستى،
يورۇقلۇق سۈتچىسى تۈن جاللاتىنى سۇدلىدى، كەستى.
ئىلىم ـ پەن مەشئەلىدىن ياغدۇرۇپ ھەريانغا نۇر ـ شولا،
ۋاپادىن ھەسسىلەپ خەۋپلىك خۇراپات يولىنى كەستى.

2

پىشانەمگە سۆيەر ئەردىڭ ئېغىر كۈنلەردە ئوھ تارتىپ،
سۆيۈنۈك بەھرى بىلەن ئاخىر يېتىلدىم مەنمۇ بوي تارتىپ.
بېشىمدا سەن ئۆزەڭ تىككەن بادام دوپپا ـ بەخت تاجىم،
ئالالمايدۇ بۇ تاجىنى بېشىمدىن ھېچكىمشى تارتىپ.

3

جاھان تەرىپ ئېتەر بۇلبۇل ئۈنىنى "ئەڭ ئىسىل ئۈن" دەپ،
ناۋا قىلغان ئۈچۈن سۆيگۈ ـ ۋاپا گۈلزارىغا ئۈندەپ.
گۈزەل قار لەيلىسى ئاشىق ئىگىز تاغ، تىك قىيالارغا،
قېنى، مەجبۇر قىلىپ باققىن ئۈنى "گۈل يامىدا ئۈن" دەپ

4

كۆرۈپ قالدىم ئېزىز نامىڭنى تارىختىن ۋاراق ئۆرۈپ،
ۋىسالىغا يول ئېچىپسەن دەرت ـ جۇدالىق تاغىنى ئۆرۈپ.
تەسەددۇق سەن ئۈچۈن بۇ جان، سېنى مەن ئارزۇلاپ، جانان،
ئاساي بوينۇڭغا كۆز مۇنچاق بېشىڭدىن تىلتۇمار ئۆرۈپ.

5

بىلەمسەن كىم، سەھەر ـ سۇبھى دېرىزەڭنى چېكىپ ئۆتتۈم،
ئۇزاق تۈنلەر ۋاراقلارغا قەلەمدىن گۈل چېكىپ ئۆتتۈم.
جۇدا بولسام ئېزىز جاندىن پىراقىڭ ئىلكىدە، جانان،
دېمەسەن: ئاھ، ئەجەپ كۆلپەت ـ رىيازەتلەر چېكىپ ئۆتتۈم.

6

ئېتىمنى مەن توقۇپ قويدۇم، ئېتىم بوز يورغا ئاق قاشقا،
قىيانلارنى يېرىپ ئاخىر ئېلىپ چىققاي مېنى قاشقا.
ئېشىپ تاغلار، كېزىپ چۆللەر ۋىسال باغىغا يەتكەندە،
يۈرەكنى ئىككى قوللاپ مەن تۇتاي يارىم قاراقاشقا.

7

نەۋ باھار، سۇبھى، چىمەندە قىلدى خەندان ئىككى ياش،
بىرسى ئون سەككىزدە بەلكىم، بىرسى چوڭ بەش ـ ئالتە ياش.
جىلۋە ئەيلەپ جۇت ـ شەۋدىرغان پەسلى سولدۇرغان گۈلۈم،
" قايدىسەن، رەنا ؟ » دېدىم، مەگزىمنى بويلاپ ئاقتى ياش.

8

نى ئەجداد ئۆتتىلەر دەۋران سۈرۈپ، يۇرتۇم،
يېتىلدىم مەنمۇ بوي-ئۇسقان سۈرۈپ، يۇرتۇم.
ياشايەن خۇددى لاچىندەك قىلىپ پەرۋاز،
قاراقوزغۇن-ھۇقۇشلارنى سۈرۈپ، يۇرتۇم.

9

ئەدەپلىك بول، بىراۋنى "تاك» ئېتىپ چەكمە،
زەھەرلىك ئىس-تۈتۈندىن نېرى قاچ، چەكمە،
جاھاندا يوق سەھەتلىكتىن ئوشۇق بايلىق،
بىتاپلىق پەنجىدە ئارتۇق ئەلەم چەكمە.

10

شىپالىقتۇر كۆزۈڭ گىرداۋىغا سۈرمە،
سۈرۈپ سۈرمە جۇنۇنلۇق كەيپىنى سۈرمە.
بولۇپ مەپتۇن پاراغەت سەيلىگاھىغا،
بىلىمگە ئۈندىگەننى قوغلىما ـ سۈرمە.

11

ئېلىپ كەلسەم شېپۈك تاۋار، رەڭگى ئوچۇق ھال،
قىيا باقماي تۇرۇپ كەتلە تارتىپ ئەجەپ ھال.
قانداق قىلاي، تاپقىنىم شۇ، قولۇم قىسقىراق،
ئەندى ئېيتاي ئۆزلىرىدىن بۆلەك كىمگە ھال.

12

"خەير - خوش!" دەپ ئۇزاتقانىدىم ئۆتكەن يىلى ماي،
"مەرھابا!" دەپ قۇچاق ئاچسام تارتتىڭ ئەجەپ ماي.
ئوي - خىيالدا ئۆتكۈزۈپ مەن تۈنلەرنى ئويغاق،
ئەمدى بىلسەم، كۆزلىرىڭگە تولغان ئىكەن ماي!

13

يولچى كارۋاندۇر ئېتىم،
ئاستىمدا تۇلپارىم - ئېتىم.
قالمىسا مەيلى بۇ يولدا
ئىككىلىك - بىرلىك ئېتىم.

14

نەكېرەك شېرىن خىيال - چۈش،
ئاچ كۆزۈڭ، بۇپقالدى چۈش.
ئات سەپەردە، ئەر كۈرەشتە
تالىنار، مەيدانغا چۈش.

15

ئۆزەڭسەن بىر يېڭى ئۆسمە،
چېقىمخورلۇق بىلەن ئۆسمە.
خۇشامەت ھەم چېقىمخورلۇق،
ئىشەن، بىر جۇپ يامان ئۆسمە.

16

سۈنى سېڭگەن يەرگە سەپ،
خەقنىڭ ئېشىنى سالما سەپ.
قويىنغا ئالماس ئەدەپسىز،
ياشنى بىزنىڭ كاتتا سەپ.

17

ھۆسنۈڭگە كۆزۈم چۈشتى،
ئەلەڭگە ئىزىم چۈشتى.
لەۋزىڭدىن يانار بولساڭ،
دەپ قالما "يۈزۈم چۈشتى."

18

كۆز گۆھىرىم تاش، بولما باغرى تاش،
بېشىڭ باش بولسۇن، پاقالچىڭىڭ تاش.
بولما بىبەھرى، بەر ئەلگە بەھرى،
يامانغا قايناـ قەھرىڭ بىلەن تاش!

19

يار، ساڭا كەلدى ئەجەپ مۇ مەسلىكىم،
ھەم يېشىلدى كونا كەيپىم - مەسلىكىم،
بول سەپەرداش، سەن بىلەن بىردەك مېنىڭ،
تاللىغان يول ھەم ئەقىدەم مەسلىكىم.

20

سەن دىدىڭ: ئەل دۈشمىنىنى قوغلا - سۈر،
ياشلىقىڭنىڭ پەيزىنى جەڭگاھتا سۈر!
باغلىسام لەۋزىڭنى مەن ئاقلاشقا بەل:
يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى باستى سۈر.

21

يوللۇدۇم يارىم، سېرىق ماي ھەم قۇرۇت،
بول پەخەس، يەپ قويمىسۇن قوڭغۇز - قۇرۇت.
خۇش ۋىسال دىلدارى جابدۇنماقتىلەر،
سەنمۇ ئارسلان، غەمنى كۆڭلۈڭدىن قۇرۇت.

22

ئاھ گۈزەل، نازىڭ بىلەن باقتىڭ قىيا،
رىشتە ئۆزمەككە كۆڭۈل قانداق قىيا؟
ئاخىرى ۋەسلىڭگە يەتكەيمەن چوقۇم،
توسسىمۇ ئالدىمنى سانسىز تىك قىيا.

23

سېنى دەيمەن مەيلى سۇبھى ، مەيلى كەچ،
مەن سېنىڭمەن، مەيلى سۆيگىن، مەيلى كەچ.
مەن بىجا ئەيلەي، نىگارىم،سەن دېسەڭ:
تاغ غۇلات،دەريا-دېڭىزنى مەيلى كەچ.

24

ئۆتۈپ كەتتى غەم - قايغۇسىز بالىلىق،
بولۇپ قالدۇق بىزمۇ ئەمدى بالىلىق.
ئاھ، ئۇ چاغدا زەپمۇ كەپسىز - شوخ ئىدۇق،
ياراشقايمۇ ئەمدى قىلساق بالىلىق؟

25

دەريا دەيمىز مەۋج ئۇرۇپ ئاقسا،
رەھبەر دەيمىز گەپ - سۆزى ئاقسا.
بولالمايدۇ ئەلنىڭ رەھبىرى،
سۆزى ئاقماس مەنمەنچى - ئاقسا.

26

جۇدۇنلار ئىلكىدە گۈل شاخى سۇندى،
بۇلبۇلنىڭ كۆڭلى ھەسرەتتە سۇندى.
زامانەم دىلراباسى تۆھپىكارغا،
ئانا يۇرت مېھرىدىن گۈلدەستە سۇندى.

27

بۇ ئەسىردۇر ئىلىم - ھېكمەت ئەسرى،
قولدا مەخمۇد قەشقىرىنىڭ ئەسىرى.
نى - نى ئۇلۇغ دانىشمەنلەر - ئاقىللار،
بولۇپ قالدى بۇ ئەسەرنىڭ ئەسىرى.

28

قانائەتنىڭ قاپقىنىنى چاق،
ئىلىم - ھېكمەت مېغىزىنى چاق.
بولسا كۈچلۈك شوتىدىكى ئات،
توختىماستىن ئىلگىرلەيدۇ چاق.

29

ئاشنى ئوخشاتقان نەمەرسە ياغۇ - پەش،
توننى ئوخشاتقان ياقا ، يەڭ بىرلە پەش.
جۈملىگىز ھەم ئوخشىماس دەل جايىدا،
كەلمىسە ئوندەش، سوئال، تىرناقۇ - پەش...

1970 - 1980 - يىللار.

# ئىككى شېئىر

سادىق سادىرى

## ناۋاي ئۇستام

شەنىڭىزگە ئېيتىمەن ناخشا،
ناۋاي ئۇستام، چاپاكەش ئۇستام.
ئىش ئىزىڭىز، ئالتۇن تەرىڭىز،
بولدى ماڭا بالقۇنلۇق ئىلھام.

نان مۇقەددەس، نان ئۇلۇغ بىزگە،
بىز بىلىمىز تەمىنى ناننىڭ.
داۋام قىلماس ئۇنىڭسىز ھايات،
كاپالىتى ئۇ شىرىن جاننىڭ.

ئىغىزلاندۇرۇپ ئانا بوۋاقنى،
تۇنجى قېتىم يىگۈزۈدۇ نان.
تىلى چىققىدۇ بوۋاقنىڭ نان دەپ،
ناندىن تاپار ۋۇجۇدىغا جان.

سىيادانلىق، مېزىلىك نانلار،
پاك ئەجىردۇر ناۋاي ئۇستامنىڭ.
بىلىدۇ شۇ ئەقىللىق ناۋاي،
قان ـ تەرى ئۇدىخان ئاكامنىڭ.

دوستلار، زادى چىقماس ئېسىمدىن،
بىر چاغ نان دەپ يىغلىغان كۈنلەر.
يوقسۇزچىلىق قىيناپ جېنىمنى،
يۈرىكىمنى تىلغىغان كۈنلەر.

بۇرۇختۇمىلۇق چاغلار ئىلكىدە،
بېلى سۇنغان دىخان ئاكامنىڭ.
بىر ئۇچۇملار ۋەيران ئەيلىگەن،
ئىگىسىنى شۇ ئالتۇن داننىڭ.

تۈگمەنلەرمۇ ئۇخلىغان سۇسىز،
چايىنغانتۇق ياما ـ قوناقنى.
ياۋا ئوتنى سەي دەپ قايىنتىپ،
ئازاپلىغان ئىدۇق قوساقنى.

كېرەكلىكى بولمىسا ئەگەر،
گۈل كەلتۈرەر قايسى ھۈنەرۋەن؟
ئۇن بولمىغاچ قالدىڭىز بىكار،
نان ياقالماي سىزمۇ بىر مەھەل.

كەلگىنىدە بەختىيار چاغلار،
ئارزۇيىڭىز ھەل بولدى سىزنىڭ.
ھۈنىرىڭىز تاپتى ئېتىۋار،
توققۇزىڭىز تەل بولدى سىزنىڭ.

نان ياقتىڭىز يەنە ئوخشۇتۇپ،
ئاۋاتلاشتى تونۇر بېشىڭىز.
شاگىرتلارمۇ يېتىشتى بىر ـ بىر،
يەتمىش بەشكە يەتتى يېشىڭىز.

مەن ئەسلەيمەن ئېھتىرام ئىلەن
سىزنى، ئۇستام، نان يىگەن چاغدا.
نان ياقتىڭىز تولۇق ئاتمىش يىل،
كېلىڭ، ئەمدى دەم ئېلىڭ باغدا.

## مەجنۇنتال

سۇ ئاقىدۇ ئۆستەڭدە،
ناخشا ئېيتىپ بەك خوشال.
ئاڭلايدۇ بۇ ناخشىنى،
سۇ بويىدا مەجنۇنتال.

شاتلىنىدۇ مەجنۇنتال،
سۆيگەچ سۇلار لېۋىدىن.
سالقىن شامال قۇچاقلار،
يېشىل تالنىڭ بېلىدىن.

بوندىن ئون يىل ئىلگىرى،
ئۆستەڭ قۇرۇپ قالغاندا.
قۇرغاقچىلىق تالنىمۇ،
ئۆز ئىلكىگە ئالغاندا.

كۆرۈشكەنتى بىر جۇپ ياش،
ئەشۇ تالنىڭ تۈۋىدە.
كېتىشكەنتى يىغلىشىپ،
دەرت ـ ئەلەملەر ئىلكىدە.

ئەمدى بۇ يەر بەك ئاۋات،
سۇ ئاقىدۇ ئويناقلاپ.
ئۆستەڭ بويىدا تاللار
ئەگىيدۇ ئۇسسۇل ئويناپ.

تاڭ قوينىدا پۈرەكلەپ،
كۈلدى ۋىسال گۈللىرى.
ئىشچان يىگىت ـ قىزلارنىڭ
كەلدى كۈتكەن كۈنلىرى.

# گۈل - گۈلۈستان بولغۇسى

ئابدۇرېھىم سەئىدى

ئەجرى قىلساق شەھرۇ- سەھرا باغۇ بوستان بولغۇسى،
كۆڭلىمىزنى ئاچقىدەك ھەريان گۈلۈستان بولغۇسى.

باغ بىنا قىلغان ئەزەلدىن قەھرىمان ئەجدادىمىز،
بىزمۇ تەر تۆكسەك بۇ تۇپراق مىسلى ئەدنان بولغۇسى.

يۈرگىنە دوستۇم بېرىپ، بىزمۇ تىكەيلى ياش كۆچەت!
پەرۋىرىش قىلساق زىرىكمەي، يۇرت باراقسان بولغۇسى.

ئۆستۈرۈپ چۆللەردە گۈل، باغۇ بوستان ئەيلىسەك،
نامىمىز تا مەڭگۈگە تىللاردا داستان بولغۇسى.

سۈيىمىز مول، يەر ئىسسىق ئەۋزەل شارائىت بىزدە بار،
سۇغا قاندۇرساق بىياۋان، تاغمۇ ئورمان بولغۇسى.

ھەر باھار كۈز جان بېشىغا نەچچە تۈپ تىكسەك كۆچەت،
يۇرت ـ مەھەللە، كوچا ئۆيلەر ئەترە رەيھان ـ بولغۇسى.

باغ ئارا قويساق كۆچەتلەر، مېۋە شەربەتكە تولۇر،
كۈزلىگى ھەمياندا پۇل، تۇرمۇش پاراۋان بولغۇسى.

مەرت ئىقلىلىق ھەم زىرەك، باتۇر، چىۋەر ئەمگەكچى بىز،
ھۆر ۋەتەننىڭ مېھرى دىلدا مەڭگۈ گۈلخان بولغۇسى.

گۈل چىمەنلىك ياپ ـ يېشىل يۇرت قوينىدا ياشنار ھايات،
زوقلىنىپ بىزگە پۈتۈن قۇشلار غەزەلخان بولغۇسى.

كەلگۈسىگە باغ چىمەنلەر قالسا بىزدىن يادىكار،
كۆڭلىمىز توق، دەرد ـ ئەلەم يوق، نىمە ئارمان بولغۇسى؟

# قەۋرە ئالدىدا

مامۇت زايىت

تەبىئەتنىڭ قانۇنى ئىكەن،
مەۋجۇت بولار، يوقىلار ئادەم.
بەزىلەرگە ياسىلار مازار،
كاھىش گۈمبەز، نەقىشلىك مىھمار.
بەزىلەرگە يار بولار ھۆرمەت،
بەزىلەرگە تەئەللۇق نەپرەت.
بەزىلىرى ھالال ئەجرىدە،
كۆمۈلىدۇ خەلق قەلبىگە.
تۆھپە بىلەن گۈناغا ئادىل،
باھا بېرەر قانۇنى ئالەم ئالدىدا.

ئەزىز قەشقەر، ئەي قەدىمى يۇرت،
بىندە تولا گۈمبەز ۋە مازار.
تارىخىڭنى ئۆگەنمەك بولۇپ،
تەتقىق قىلىپ ئىزدىمەك بولۇپ،
قىلدىم بىر - بىر سەيلە زىيارەت،
كۆردۈم نى - نى كاتتا ئىمارەت.
بىر گۈمبەزدىن شاتلىققا چۆمدۈم.
ئۇلۇغ ئالىم بوۋامنى كۆردۈم.
بۇندا ياتقان زاتىنىڭ ئىشىدىن،
ھۇجۇدۇمغا تولدى ئىپتىخار.

بۇ قەۋرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ،
ئەسكە كەلدى خەلقىم تارىخى.
قۇدرەت تاپقان بۈيۈك سۇلالە.
يەن مەرىپەت بېغىدا لالە.
ئوردا، قەسىر، ساراي، جامىئە،
ئالىملارغا تولغان „ساچىئە“.

كارۋان بۈيۈكنىڭ تۈگۈنى شەھەر،
تولغان ئىسىل مالغا شۇ قەدەر.
بادام، گىلەم، قاشتېشى، يىپەك
ئالماس تىغلىق ئۇرۇش يارىغى.

ئەسكە كەلدى ئوپال ئارىقىنىڭ ،
قەلئەلىرى بوستان باغلىرى.
ئەسكە كەلدى ئەشۇ دەۋرانىنىڭ،
پەيغەمبىرى ئىلىم - ئىرپانىنىڭ.
يەن يولىدا چەككەن رىيازەت،
ئۈچ ئۆلكىنى قىلغان زىيارەت.
ياغما، چىگىل، قارلۇق ۋە قىپچاق،
ئوغۇز، باشقىرت، ياباقۇ، ئوغراق.
ياشاپ ئۆتكەن قەدىمى جايلار،
تۈركى ئەلىنىڭ دالا - تاغلىرى.

بۇ زىمىندا تۆھپىكار بوۋام،
قازغان يېڭى بىلىم كانىنى.
ئوزۇق ئېلىپ ئەل ۋە مىللەتتىن،
مۇنار تىكلەپ، يەن ۋە سەنئەتتىن.
يېزىپ ئۈچ توم بىباھا كىتاپ،
ئېقىل بىلەن پارلاتقان ئاپتاپ.
مىڭ يىل ئۆتۈپ، ياشاپ شۇ پېتى
ئۆچمەي كەلدى قەدرى قىممىتى.
بۇ كەشىپ - ئىجات پوركىدى شانىغا،
ئۆز دەۋرىدە خەلقىم نامىنى.

«دىۋان» - ئۆلمەس قىممەتلىك قامۇس،
ئەجدادىمىنىڭ مىراس گۆھىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ماقال ـ تەمسىل، قوشاق ۋە داستان،
فولكلودا يادىكار بوستان.
تىل، تىبابەت، تۈركولوگىيە،
ھېساپ، تارىخ، ئاستىرونومىيە.
ئىككى تىلنىڭ كاتتا بەيگىسى.
پەن ـ سەنئەتنىڭ كاتتا غەزىنىسى،
مۇجەسسەمدۇر بۇنىڭدا ئەلنىڭ،
ئەقىل ـ ئىدرەك، ئىجات جەۋھىرى.

بۇ قەۋرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ،
ھاياجاندا ئويغا چۆمۈلدۈم.
ئەتراپىمدا ياڭرىدى سادا،
ۋە ئاڭلاندى يالقۇنلۇق نىدا.
"مەن خوشالمەن ئوغلۇم بەختىڭدىن،
ئەلگە تۆككەن ھالال تەرىڭدىن.
مەمنۇن بولسا سەندىن ئەل ـ مىللەت،
ئەل قەلبىدىن تاپىسەن ھۆرمەت.
كۆمۈلگۈنۈم يەر تەكتى ئەمەس،
مىليونلىغان دىلغا كۆمۈلدۈم..."

ئاڭلىغاندا ئەقىل قۇلىغى،
بۇ مەردانە، ئۇتلۇق خىتاپنى،
ۋۇجۇدۇمغا تولدى جاسارەت،
ئەللەيلىدى مېنى سائادەت.
مۇھەببىتىم ئاشتى زامانغا،
يەن گۈللەگەن يېڭى دەۋرانغا.
بولسام ئىشچان، بىلىملىك ئەۋلات،
رازى ئىكەن مېنىڭدىن ئەجدات.
ئۆرنەك قىلىپ ئۈگىنەي دىدىم،
ئالىم بوۋام يازغان كىتاپنى.

ئەزىز قەشقەر، بۇ ئالىم بوۋام.
مىللىتىمنىڭ بۈيۈك سىماسى.
نامى ئۇنىڭ مەخمۇت قەشقىرى،
ئورتا ئەسىر ئىرپان مەشئىلى.
ئۆتتى تارىخ داۋانلار ئاتلاپ،
كەلدى خەلقىم ئۇنۇتماي، يادلاپ.
تەخىت ـ تاجلار غۇلىدى بىر ـ بىر،
غۇلىمىدى، ياشىدى ئۇ، پىر.
ياڭرار بۈگۈن ۋەتەن، دۇنيانىڭ،
ئاڭا يۈكسەك ئالقىش، باھاسى.

# ۋەتەن ھەققىدە غەزەل

ئابدۇللا ساۋۇت.

ۋەتەن ـ بىر باغچا گۈللۈفىسەن ، گۈلۈڭدىن ئۆرگۈلەي دايىم ،
سولاشىماس مەڭگۈ چوغلۇق سەن ، قىسىپ چوغلۇق ، كۈلەي دايىم .
ھاياتقا كۆز ئېچىپ باقتىم ، مېھىر چەشمەڭدە مەن ئاقتىم،
شۇڭا ئىشقى ـ پىراقىڭدا لاۋا ـ ئوتتەك كۆيەي دايىم.
ماڭا ئامراق ئانا بولدۇڭ ، بېشىم سىلاپ پانا بولدۇڭ،
ئانا قەدرى باھاسىزدۇر ، ئۇنى ئەلا بىلەي دايىم.
سېغىنىپ سۆيگۈڭ ۋۇجۇدۇمغا ، غۇرۇر قوشتى غۇرۇرۇمىغا،
سادافەت بابىدا لازىم تېپىلسا جان بېرەي دايىم.

باھادىر نەسلىمەن ـ قابىل ، ئاڭا پۈتكۈل جاھان قايىل،
ساڭا قىلماق ئۈچۈن خىزمەت بىلەكنى چىڭ تۈرەي دايىم.
ساڭا ئوغلان ـ ۋاپادارمەن ، ھامان پەرمانىغا تەييارمەن،
ئەگەر باش تولغىسام ۋىجدان ئوتىدا ئۆرتۈنەي دايىم.
ئەقىدەڭ بىرلە ئەجرىڭ كۆپ ، شۇڭا بوينۇمدا قەرزىڭ كۆپ،
كۈرەش ـ جەڭنىڭ داۋانىدا ئۇنى ئاقلاپ كېلەي دايىم.
بولاي ئىشچى ، بولاي دىخان ، ماڭا جەڭگاھ ئېتىز ھەم كان،
ئېلىپ قوشلاپ ھوسۇل ، ئەلگە شەرەپ ـ شان كەلتۈرەي دايىم.
ئىجادىم گۈل ـ چېچەك ئاتسا ، شىرىن ، خۇشبۇي پۇراق چاچسا،
ئۆزەمنى ئاپىرىن، ئالقىش ساداسىدا كۆرەي دايىم.
پىدايى دەيدۇ : ـ شۇ پەيمان ـ بۇزۇلسا ، نە كېرەك بۇ جان؟،
تىرىلسەم مىڭ قېتىم ، مىڭ بىر قېتىم زىنھار ئۆلەي ، دايىم.

≈≈≈≈✻✻✻✻✻≈≈≈≈

# ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن

( تەزمىنلەر )

ئەخەت داۋۇت

ۋەتەنىمنىڭ بايرىمى چۈمدى جۇلالىق قېپ ـ قىزىل نۇرغا،
بۇ تەزمىننى ئاتاپ يازدىم، ۋەتەن ـ ئەلگە قىلىپ سوۋغا.

1

" دۇنيادا قەدرىڭ ئۇلۇق گۈلشەن ۋەتەن "①
جەننەتى باتۇر خەلقىنىڭ سەن، ۋەتەن.
تاڭ بىلەن كۈلسە جاھان، ئىللىپ زېمىن،
گۈلگە تولدۇڭ، ياشنىدىڭ ئۆزسەن، ۋەتەن.
ئەيلىدىڭ پەرۋاز زەپەر ئاسمانىدا،
چاپتۇرۇپ تۇلپارنى شات ـ خۇرسەن، ۋەتەن.
ھۆر كېلىچەك ئەتىنى دىلغا پۈكۈپ،
راسلىدىڭ باغ، ئەل ساڭا زوقمەن، ۋەتەن.

① شائىر قۇربان ئىمىنىنىڭ « ۋەتەن ھەققىدە غەزەل » ى دىن.

www.uyghurkitap.com



2

" ۋەتىنىم، سۆيگەن ئانامسەن، بارلىغىم قۇربان ساڭا » ①
ئانىلىق مېھرىڭ ئۈچۈن ئىشقىم گويا ئوكيان ساڭا.
ئاي جامالىڭدىن جۇلالاپ نۇر يېغىپ تۇرغاچ ھامان،
شان - شەرەپنى قىلدى مەنسۇپ بۇ يېڭى دەۋران ساڭا.
دەۋرىمىز بەرگەچكە ئىمكان شائىرىڭ كۈيلەر سېنى،
قەلبىدە يانغاچ مۇھەببەتنىڭ ئوتى ھەر ئان ساڭا.
ھەرگىيا، تاش، تۇپرىغىڭنى تۇتىيا بىلگەچكە مەن،
جان ئاتاپ مەن كۆكرىگىمنى ئەيلىدىم قالقان ساڭا.
توز قاناتىدەك ياسانغان ئۆز جامالىڭنى كۆرۈپ،
كۈنسېرى ئاشتى مۇھەببەت ئۇلغىيىپ چەندان ساڭا.

3

« ۋەتەن - ئەل مىسلى بوستاندۇر كۈيى بۇلبۇل ناۋا كۆڭلۈم » ②
قەدىم قەشقەر دىيارىدا كۈلەر شات دىلرابا كۆڭلۈم.
ۋەتەن كۈلگەندە كۈلدۈم مەن، ۋەتەندۇر تالىيىم - بەختىم،
ۋەتەن بولغاچ ھايات كۈلدى، شۇڭا ئۆچمەس لاۋا كۆڭلۈم.
ۋەتەن مېھرى ئاقار دولقۇن ياساپ، قەلبىدە تارىمدەك،
مېھرى دەرياسىدا ئۈزدۈم، ئۆتۈپ خۇشۋاق راسا، كۆڭلۈم.
يۈرەكىم سوقىدۇ دۈپ - دۈپ ۋەتەننىڭ ئىشقىدا ھەر چاغ،
ھوقۇق - بەختىمنى قۇچتۇم مەن، ۋەتەندىن مىڭ رىزا، كۆڭلۈم.
ۋەتەنگە مەڭگۈ قۇل بولسام مۇرادىم ھاسىلى بولغاي،
دىلىمدا سۇۋۇماس سۆيگۈ ئۇنىڭغا ئاشنا كۆڭلۈم.

4

« ۋەتەننىڭ ئىشقىدىن تاپتىم بۇ سۆيگۈ - ئاشنالىقنى » ③
جاھان كەزسەم تاپالمىتىم ۋەتەندەك خەيرىخالىقنى.
ۋەتەندۇر رەھنىما دىلبەر، ئۈزۈلمەيدۇ ئەبەت رىشتەم،
ئۆتەر ياشلىق باھار چاغىم سۆيۈپ دىلدىن خۇمالىقنى.
ۋەتەن قوينى گۈزەل جەننەت، سۈيى ئابى ھايات زەم - زەم،
ھايات شاۋقۇنلىدى ياشناپ تېپىپ ئۇندىن شىپالىقنى.
ۋەتەندۇر مىللىتىم پەخرى، ئۇ بولغاچ ھۆرمىتىم چەكسىز،
ئۆگەتتى شۇ بوۋام مەھمۇد ۋەتەنگە جان پىدالىقنى.
ئۆمۈرنىڭ لالىسى كۈلدى دىيارىمنىڭ قۇچاغىدا،
ئەخەت، كۆيلە بولۇپ بۇلبۇل دىيارىڭ - گۈل - زىبالىقنى.

---

① شائىر ھاجى ئەخمەتنىڭ « ۋەتەن ھەققىدە غەزەل » ى دىن.
② شائىرە دىلبەر قەييۇمنىڭ « غەزەللەر » دىن ئېلىندى.
③ شائىر ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ « ۋەتەن ھەققىدە غەزەل » ى دىن.

# ئىككى شېئىر

ئىمام مەھەممەت

## ئەجداتلار شەنىگە

( مۇخەممەس )

ئەزىزانە دىيارىمدا بوۋام مەھمۇد مازارى بار ،
« بەختىنىڭ ئاچقۇچى ئاتلىق گۆھەردەك بىر تۇمارى بار ،
ئۇلۇق لۇتپى كەبى داڭلىق خەلقىنىڭ ئىپتىخارى بار ،
يەنە ئالىم سەئىدىن قەشقىرى ، گومنام ، نىزارى بار ،
ۋەتەن ـ ئەلنىڭ ئۇلاردەك ئەڭ پەخىرلىك تاجدارى بار .

جاھاندا كۆرمۇدۇم مەخمۇت ، يۇسۇپتەك ئەھلى ئىرپاننى ،
نەسىللەر بەختى چۈن كۆيگەن ئۇلاردەك ھىچ قەدىردانىنى ،
پەخىرلەندىم كۆرۈپ نادىر « قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىنى ،
ھاياتى كۈچ ئوزۇق ئالدىم ئوقۇپ قامۇسى « دىۋان » نى ،
دېمەككى ، بۇ ئەزىز ئەلنىڭ مۇشۇنداق تۇتىيارى بار .

ئۇلۇغلار ئىزىنى باساق ئۆمۈرلۈك ئىپتىخاردىمدۇر ،
ئۇلارغا چەۋرە بولماقلىق پەخىرلىك ئىپتىخارىمدۇر ،
ياراتماق كەشپىيات ـ ئەلگە ئۇلۇق ـ ئىستەك مۇرادىمدۇر ،
بۇ يولدا جان پىدا قىلماق ئەبەتلىك چىن قارارىمدۇر ،
دىلىمنىڭ سۆيگۈ ـ مەھبۇبى ئىجات ئاتلىق نىگارى بار .

## ۋەتەنگە جان پىدا ئەيلەپ

ۋەتەن ـ خەلقىمنى سۆيدۇممەن يۈرەكتىن جان پىدا ئەيلەپ ،
ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيدۇممەن جېنىمنى ئەتىۋا ئەيلەپ
قۇچاغىنىڭ ، باغۇ ـ بوستانىنىڭ مېنىڭكى قىبلىگاھىمدۇر ،
كۆزۈمگە سۈرتىمەن چىمدىم توپاغىنى تۇتىيا ئەيلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھاياتى بەردىڭ ، قانات بەردىڭ قىلاي باغىڭدا سەيلانە ،
سېنىڭ باغرىڭدا سايرايمەن بولۇپ بۇلبۇل ناۋا ئەيلەپ .
بىرەر نىمجانغا مىڭ جاننى سۆيۈك ئابى ھايات ئوخشاش ،
ئاقار دەريالىرىڭ تىنماي سىلىپ شاۋقۇن سادا ئەيلەپ .
سېنى قوغداش مېنىڭ بەختىم ، تۇزۇڭنى ئاقلىماق ئەھدىم ،
قىلاي جۇنۇ - تېنىم تەقدىم ساڭا قەرزىم ئادا ئەيلەپ .
ياشاي ۋىجدان بىلەن ، خەلقىم ۋەتەنگە چىن بولۇپ سادىق ،
جاپاسىغا ۋاپا ئەيلەپ ، ۋاپاسىغا ۋاپا ئەيلەپ .
كىرەكمەس مەن ئۈچۈن شۆھرەت ئىلىمنىڭ بىر چاكارى مەن،
بولۇپ ۋەتەن پىداگارى قىلاي جانىم پىدا ئەيلەپ.

# ئىككى شېئىر

پەرھات مەھەمبەت

## سۆي

خۇشچىراي ، ئەخلاقى ساپ ، كۆڭلى ئوچۇق ئىنسانىنى سۆي،
ئاققۇزۇپ تەر ئەل ئۈچۈن ، ئىش فوينىدا پېشقانىنى سۆي.

شۆھرىتىڭ ئالەم ئارا گەر بولسىمۇ ، ئەل ئوغلى سەن،
ئەلنى كۆللەش مەقسىدىنى قەلبىگە پۈككەننى سۆي.

زەپ ئۈچۈن ئەلدىن بىزار بولغانغا سانجىل تىغ بولۇپ،
ئەل غېمىگە قايغۇرۇپ، ئەل بەختىگە كۆيگەننى سۆي.

قىل ئەمەل لەۋزىڭگە پەرھات ، ساقلىغىن ئەستە شۇنى،
ئەل ئۈچۈن قان - تەر تۆكۈپ ئاندىن خوشال كۈلگەننى سۆي.

## دوست

بول ئۆزەڭ ۋىژدانى پاك ، ئەخلاق سۆيەر ئىنسانغا دوست،
ئەلگە مېھرى خۇددى دەريا، ئاقكۆڭۈل جانانغا دوست.

قاچ ھامان شۆھرەتپەرەس ۋىژدانى يوق ئارىسىزلىدىن،
بول ئۆزۈڭ ھەم جەڭ چىلىشلەر قايىنىغان مەيدانىغا دوست.

نەپ ئۇچۇن ۋىژدان سېتىپ ، شاھ قەسرىدىن جاي ئالغىچە،
ھەق ئۇچۇن مىڭ ياخشى بولغان بىر ئۆمۈر زىندانىغا دوست.

بەزىلەر دوست دەيدىكەن پۇل - مۈلكى بارنى ھەر قاچان،
مەن ئۇچۇن ئالەمگە تەڭداشسىز كىشى ۋىژدانىغا دوست.

ساقلىغىن يادىڭدا پەرھات ، ئەل بىزارنى دوستدىمە،
بول ئۆزەڭ خىسلەتكە باي ئەل ئوغلى ۋە مەردانىغا دوست.

## ئانامغا جاۋاپ

ئەبەيدۇللا ئابدۇلۋارى

دىدى ئانام: جان ئوغلۇم،
ئۆستۈڭ تىمەن ياش بولۇپ،
بارغانسېرى بەستىڭگە -
ۋۇجۇدۇڭغا كۈچ تولۇپ،

سەندىن سوراي ئارزۇيۇڭ،
نىمە بولۇر ھاياتتا؟
قانداق ياخشى سوۋغاڭ بار،
سۈت بەرگەن جان ئاناڭغا؟

دىدىم: ئېزىز ئانىجان،
ئېيتاي يۈرەك سۆزۈمنى.
بىلىۋالغىن سەن بۈگۈن،
مېنىڭ بۇ ياش كۆڭلۈمنى.

كىشى ۋەتەن دىمىسە،
بەختى قۇچاق ئاچامدۇ ؟
ۋەتەن - ئەلنى سۆيگەندىن
يارۇ - جانان قاچامدۇ؟

شۇڭا ئانا ۋەتەننى، -
چىن دىلىمدىن سۆيىمەن.
ئېقىپ ئۇنىڭ سۆيىدە،
ئوتلىرىدا كۆيىمەن.

ئانام ئاڭلاپ كېيىمنى،
سۆيدى ئوتلۇق يۈزۈمگە.
دىدى: بالام قەيسەر بول،
ئەمەل قىلىپ سۆزۈڭگە.

# ئىككى شېئىر

داۋۇتجان سەيدىن

## "رىسقى" *

ئۇ ئېتىزدا ئىشلىگەن چاغدا،
ئاخماق دىدىك مەسخىرە قىلىپ.
غايىۋانە "رىسقى» تىلىدىك،
ئۇگدا يېتىپ ئاسمانغا بېقىپ.

كۆزمۇ كەلدى پىشتى زىرائەت،
ئۇ، ئەجرىگە مول ـ ھوسۇل ئالدى.
لېكىن كۆكتىن "رىسقى» چۈشمىگەچ،
سېنىڭ ئۈيۈڭ قۇپ ـ قۇرۇق قالدى.

## گۈل ئوغرىسى

خوشنا ئىنىمكى گۈللۈكلىرىگە،
ھەۋەس بىلەن تويماي قارايسەن.
بەزى چاغدا ئۈزۈپ تۇيدۇرماي،
ئوغۇرلۇقچە سۆيۈپ پۇرايسەن.

ئېچىنىمەن سېنىڭ ھالىڭغا،
گۈل ئوغۇرلاش ئۇيات ئەمەسمۇ؟
سەنمۇ ساپ تەر تۆكسەڭ ئەگەردە،
گۈلزار ساڭا قۇچاق ئاچماسمۇ؟

# مەكتەپ قويىنىدا

سەيلىخان بارات

باھار پەيزىدە ياشناپ غۇنچىلار،
نۇرغا چۆمۈلدى مەكتەپ بىناسى.
شاۋقۇنلۇق ھايات قايىنىغان جەڭگاھ.
ياڭرايدۇ قىزغىن غەلىبە ساداسى.

بىلىم ـ ھېكمەتكە تەشنا يۈرەكلەر،
پەننىڭ باغىدىن ئالىدۇ ئوزۇق.

ئۇلار ۋەتەننىڭ پەخرى، ئۈمىدى،
ئىستىقبال يولى داغدام ۋە يورۇق.

ھەر بىر ياش يۈرەك گويا شۇڭقاردەك،
پەرۋاز ئەيلىسەم دەيدۇ پەلەكتە.
چۈنكى ئۇلارغا بېرىپ كۈچ ـ قۇۋۋەت،
ۋەتەن سۆيگۈسى يانار يۈرەكتە.

# „دىمەك„ سۆزىنىڭ ئەرزى

(ساترا)

ئابدۇقادىر مەھەممەت

كەچتە ئىشىك غىچىرلاپ،
كىردى بىراۋ پىچىرلاپ.
شەپىسى بار ئۆزى يوق،
يا بىر ئېنىق سۆزى يوق.
سورىدىم: كىمسەن؟ دىدىم،
تونۇپ يېتەي مەن دىدىم.
نىچۈن كىردىڭ ئۆيۈمگە؟
جاۋاپ بەر تېز سۆزۈمگە.
گەپ باشلىدى ئۇ مۇنداق:
سۆزۈم بىر ئاز ئۇزۇنراق.
تىڭشىغايسەن زىرىكمەي،
زېھنىڭ سېلىپ تىرىكمەي.
”دىمەك„ سۆزى مەن ئەسلى،
لىكسىكىنىڭ چىن نەسلى.
كۆڭلۈم ئاغرىق ئەخمەتتىن،
زارلاندىم كۆپ زەخمەتتىن.
قۇلاق سالغىن ئەرزىمگە،
كەچۈرگىن، يەت دەردىمگە.
دوستۇڭ مېنى خارلايدۇ،
پەقىر شۇڭا زارلايدۇ.
جۈملىدە خاس ئورنۇم يوق،
سوقۇندىمەن قۇربۇم يوق.
ھەر سۆزنىڭ بېشىمەن،
ئېتىپ ئوينار تېشىمەن.
ھەم سۆزنىڭ ئاخىرى،
بولدۇم تالماس چاكىرى.
سۆزى شۇڭا ئورامسىز،
زۇۋانسىز ئۇ زورامسىز.
نارازى كەڭ ئاممىمۇ ،
كىچىك ئۆسمۈر بالىمۇ.
چۈشەنمىگەچ مەقسەتنى،
دەيدۇ ”كىمكەچ„ ئەخمەتنى.
بۇ قېتىم ئۇ يېقىندا،
سۆزگە ئۆتۈپ يىغىندا.
ئالدى مېنى تىلىغا،
پۈكۈپ دەسلاپ دىلىغا.
دىمەك، دىققەت كۆپچىلىك،
خۇلاسىم بۇ ھەپتىلىك.
سۆزلەي دىمەك، ئاڭلاڭلار،
دىمەك ئۆيگە ماڭماڭلار.
دىمەك مەن ھە، مەن دىمەك،
مەقسىدىم ئاز سۆزلىمەك.
لېكىن سىلە، بۇ دىمەك،
بۇنىڭغا كۆپ ئىش كېرەك.
................................
................................
ئەخمەت كونا ئادەتتە،
سۆزلەپ غەيرى ھالەتتە.
بىزار قىلدى ھەممىنى،
تەكرار ئاتاپ دەم مېنى.
ئۇخلاشتى ۋە بەزىلەر،
ياقماي تۇتۇق ۋەزىلەر.
قاچتى كىمدۇر غىپىلداپ،
پۇت ـ ئۇچىدا شىپىلداپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۆزى قۇمدەك مەنا يوق،
چۈشەنمىدى ئەل تولۇق.
شۇ سەۋەپ يۇرت ئەھلىنىڭ،
شىكايىتى تۈمەنمىڭ.
مەن تۇراتتىم ئەسلىدە،
يەكۈن سۆزى ئۈستىدە.
سۆزنى يىغىش رولۇمتى،
بىر مۇۋاپىق يولۇمتى.
مېنى نورمال ئىشلەتمەي،
ئاھ ـ زارىمغا ھەم يەتمەي.
كەلدى شۇنداق ئازاپلاپ،
ھالىمنى بەك خاراپلاپ.
شۇڭا بىرىپ مەسلىھەت،
قىلغىن ئوبدان نەسىھەت.
يەتسۇن مېنىڭ زارىمغا،
قىلسۇن رەھىم ھالىمغا.

×

"دىمەكۋاي» نىڭ ئۆزىنى،
كۆرۈپ، ئاڭلاپ سۆزىنى.
بەتكە تىزدىم دەردىنى،
شىكايەتلىك ئەرزىنى.
بۇ ئەرزنى كۆرگەنلەر،
مەناسىنى بىلگەنلەر.
"دىمەكۋاي» نى يولىدا.
ئىشلەتسۇن ئۆز ئورنىدا

(بېشى 115 ـ بەتتە)

لەنگەن قەلبىمگە ئاز بولسىمۇ ئىلھام بېغىشلىدىم. مانا شۇندىن باشلاپ، قەينىئانام ماڭا قاراپ ئانچە ـ مۇنچە كۈلۈمسىرەپ قويىدىغان بولدى. بىر كېچىدە ئالتە يەتتە قېتىم قەينىئانامنىڭ ئاستىنى يەڭگۈشلەش، بەدەنلىرىنى ئۆرۈش، ئۇۋۇلاش، ئۇسسۇزلۇق ئىچىرۇش، دورا ئىچىرۇش ئىشلىرىنى سەمىمى بېجىرگىنىم ئۈچۈن، ئالتە ئايلاپ مىدىرلىماي ياتقان قەينىئانامنىڭ بەدىنىدە بىرەر يارا پەيدا بولۇش ياكى تېرە ئېچىلىپ كېتىش خەۋپى كۆرۈلمىدى. مانا، قەينىئانام ئاغرىپ يېتىپ قالغان ئالتىنچى ئايدا سۆزدىن تامامەن قالدى.

× ×

مەن خىيال كەپتەرلىرىمنى يىغىپ، قەينىئانامنىڭ باغرىدىن باغرىمنى ئاجرىتىپ كۆزۈمنى ئاچقاندا، قەينىئانام ئاللىقاچان يورۇق دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپ، بەندىچىلىك قىلغان ئىدى.

ئۇنىڭ جان سەكرات ۋاقتىدا: "جېنىم قىزىم، ئۆز قىزىم» دىگەن سۆزى ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ، قەلبىمدە قانداقتۇ خوشاللىق تۇيغۇسى جەۋلان قىلىدۇ.

# قېيناناممېنى قىزىم دېدى

(ھېكايە)

غوجا ئابدۇللا

قەيىنئانامنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا ئالتە ئايدىن ئاشقان بولۇپ، ھازىر پۈتۈنلەي سۆزدىن قالغان ئىدى.

كالتەك چىراقنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى چاچلىرى ئۇچىتەك ئاقارغان، رەڭگى سېرىق، جۈدەڭگۈ، ئورۇقلىقىدىن بىر تېرە - بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان قەيىنئانامنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ ئاقارتىۋەتكەن ئىدى. ئۇ كېسەل ئازاۋىدىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن خۇنۇك كۆزلىرىنى لۆمىدە ئاچتى - دە:

— قىزىم، قىزىم ... دەپ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ تىۋۇلىدى. بىز ھەيرانلىق ئىلكىدە چۆچۈپ قەيىنئانامغا قارىدۇق. خان ئاچام ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، قەيىنئانام ياتقان كارۋاتقا يېقىنلىشىپ، بوش ئاۋازدا « ئانا ... » دېدى.

قەيىنئانام كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، ئورۇقلىقىدىن ئۇچەتكۇدەك بولۇپ قالغان قولى بىلەن خان ئاچامنى كېيىنىشكە ئىشارەت قىلدى. خان ئاچام كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا يەرگە قاراپ لىۋىنى چىشلىگىنىچە ئورنىغا كىلىپ ئولتۇرۇپ، ئىسسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى، ئۆينىڭ ئىچى چىۋىن ئۇچسا بىلىنگىدەك جىمىپ كەتكەن ئىدى، ئارىدىن مىنۇت ئۆتمەي:

— قىزىم! قىزىم ... تۇتى - دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— مەن قولاقلىرىمغا ئىشەنمەي ئەتراپىمغا ھەيران بولۇپ قارىدىم. ئۆيدە خان ئاچام، يولدۇشۇم ۋە مەن بىلەن قوشۇلۇپ 4 كىشى بار ئىدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



يولدۇشۇم ماڭا قاراپ كۆزى بىلەن ئانامنىڭ مېنى چاقىرغانلىقىنى ئىشارەت قىلدى. مەن قەيىنئانامنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇنىڭ كۆز قارچۇقلىرى يوغىناپ كەتكەن بولۇپ، نەپەس ئېلىشىمۇ جىددىيلەشكەن ئىدى. مەن قەيىنئانامغا كۈلۈمسىرەپ قارىدىم ـ دە:

ــ ئانا ـ دېدىم.

ــ قىزىم. ـ دېدى قەيىنئانام بوش ئاۋازدا، ـ مېنى كەچۈرگىن، مەن سەندىن رازى.

مەن ئۆزەمنى تۇختۇتۇپ ئالالماي قەيىنئانامنىڭ باغرىغا ئۆزەمنى ئاتتىم. قەيىنئانام مېنى باغرىغا بېسىپ پېشانەمگە گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرى بىلەن سۆيدى ۋە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ:

ــ سەن ئۆز قىزىم، مەن سەندىن رازى…

دەپ پىچىرلايتتى.

بۇ، مەن مۇشۇ ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىرگەن 20 يىلدىن بۇيان قەيىنئانامنىڭ مېنى تۇنجى قېتىم ئۆز قىزىم دەپ ئېتىراپ قىلغىنى ۋە مەن سەندىن رازى دەپ يۈرەك سۆزىنى ئېيتقىنى ئىدى. شۇڭا قەلبىم شاتلىنىپ، ۋۇجۇدۇم ئاجايىپ بىر خىل ئىللىق ئېقىم بىلەن تولدى. بۇ ئېقىم قان تومۇرلىرىمدا ئېقىشقا باشلىدى. ۋۇجۇدۇم شامدەك ئېرىپ، كۆز ياشلىرىم چەشمە بۇلاق مەرۋايىتلىرىدەك مەڭزىم بويلاپ ئېقىپ، قەيىنئانامنىڭ مەڭزىگە چۈشمەكتە.

× ×

60 ـ يىللىرىنىڭ خاسىيەتلىك ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىزنىڭ تويىمىز بولغان ئىدى. ئۇ چاغ بىزنىڭ خىزمەتكە چىقىپ ئەۋلات تەربىيىلەش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىمىزغا ئىككى يىل بولغان بولۇپ، ھەر ئىككىمىز ئالىي مەكتەپنى بىرگە تۈگىتىپ، بىر ئورۇنغا خىزمەتكە چىققان ئىدۇق. يولدۇشۇم ئوتتۇرا بوي، ئاق سېرىق، قارا قاش، قاڭشالىق قوي كۆزلىرى قاپ ـ قارا قاشلىرى ئاستىدا ئويناپ تۇرىدىغان مەغرۇر بىر يىگىت ئىدى.

ھازىرغىچە ھەيرانمەن: بىز توي رەسمىيىتىنى ئۆتەپ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن مەكتۇپىمىزنىڭ كىچىك مەجلىسخانىسىدا توي زىياپىتى ئۆتكۈزدۇق، تويىمىزغا ناھىيىمىزنىڭ ئايال ھاكىمى باشچىلىق قىلدى. شۇ كۈنى مېنى خىزمەتداشلىرىم يۆتكەپ توي ئۈچۈن راسلانغان ئازادە، ياسىداق ئۆيگە ئېلىپ كىرىشكەندە، مەن قەيىنئانامنىڭ رەسمىيەت بويىچە ئالدىمىزغا پاياندار سېلىپ قارشى ئېلىشىنى شۇنچە ئارزۇلاپ كۈتكەن بولساممۇ، ئەمما ئۇ بۇنىڭ ئەكسىچە بىزنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ئورنىدىن دەست تۇرۇپ كۆزلىرىدىن غەزەپ ياغدۇرغان ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. سەۋدۇيى مەن يېزىلىق بىر قىز بولۇپ، شەھەر قىزلىرىدەك ئابرۇيلۇق ئائىلىنىڭ نەسلى ئەمەس ئىدىم. قەيىنئانامنىڭ كۆڭلىدە ئوغلىنى شەھەردىكى ئابرۇيلۇق ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىدىن بىرىنىڭ قىزىغا ئۆيلەندۇرۇش نىيىتى بار ئىدى. مەن بۇنى كېيىنچە باشقىلاردىن ئۇققان ئىدىم. لېكىن ساپ ـ سەممىي مۇھەببەت ئاخىرى قەيىنئانامنىڭ شىرىن ئارزۇلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بىز ئىككى ياشنى بىر ئائىلىگە جەم قىلغان ئىدى. بىز دوستلار بىلەن بىر سائەتتەك خۇشال ـ خورام ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشتۇق. ئاخىرى ئۇلارمۇ بىر ـ بىرلەپ كېتىپ، ئۆيدە ئىككىمىزلا قالدۇق.

يولدۇشۇم بېشىنى سالغان ھالدا نېمىدىندۇر خىجىل بولغان ھالدا ئاستىنقى لەۋلىرىنى چىشلەپ، ھەسرەت ئىچىدە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى.

مەن ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىلكىدە قالدىم، چۈنكى ھازىر يېڭى توي قىل‍

غان یاش ییگیت – قىزلارنىڭ خوشال كەیپیاتی ۋە ۋىسال شاتلىغی نىمە ئۈچۈنكی بۇ ئۆیدە كۆرۈنمەیتتی. مەن یولدۇشۇمنىڭ بۇ هالىدىن قىسىلىپ بىردىنلا كۆزلىرىمگە یاش ئالدىم.

— یىغلىما، – دىدی یولدۇشۇم بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ، – بىز بىر – بىرىمىزنی یاخشی كۆرىمىز، دۇنیادا ساپ مۇهەببەتتىن ئېسىل نەرسە بولمىسا كېرەك. لېكىن ساپ مۇهەببەت شاتلىغی توسقۇنسىز بولمایدۇ، قىزىل گۈلگە تىكەن هەمرا بولغاندەك، بىزگىمۇ جۇدۇن – چاپقۇنلار قول ئۇزارتماقتا. ئانامنىڭ سېنی قارشی ئالمىغانلىغىدىن ئەنسىرىمە، دۇنیادا ئاتا – ئانىنی سۆیمەیدىغان پەرزەنت یوق. مەنمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن، سەن مېنی قانداق یاخشی كۆرسەڭ، مېنىڭ ئانامنىمۇ شۇنداق یاخشی كۆرۈشۈڭ كېرەك. ئانامنىڭ قەلبىدىكی مۇزنی ساپ مۇهەببىتىڭ، كىلىنلىك مېهرىڭ بىلەن ئېرىتىشىڭ كېرەك. چۈشەنگىنىڭكی ئانام یاخشی ئایال… مەن ئىختىیارسىز بېشىمنی كۆتەردىم – دە، ئۈمىت بىلەن تولغان كۆزلىرىمنی یولدۇشۇمغا تىكتىم…

× ×

ئارىدىن ئون بەش كۈن ئۆتۈپ كەتتی. رەسمىیەت بویىچە ئاتا – ئانىلار بىلەن یۈز كۆرۈشۈش ئۈچۈن تاڭ سەهەردىلا جابدۇندۇق. توی كىیىملىرىمنی كىیىپ، یۇیۇنۇپ تارىنىپ ئەینەك ئالدىغا كەلدىم. ئانارەڭ یۈز، قاپقارا كۆز، گىلاستەك لەۋلەر، سەدەپتەك چىشلار مېنی خىجىل قىلدی بولغای، ئەینەكتىن یۈز ئۆرۈپ ئىككی قولۇم بىلەن یۈزۈمنی توسۇۋالدىم. قوللىرىم ئارىسىدىن ئەینەككە قارىغىنىمدا، قولۇمدىكی یاقۇت ئۈزۈككە چۈشكەن ئېلېكتىر نۇری ئەینەك بىلەن ئەكس تەسىر نۇر پەیدا قىلىپ كۆزلىرىمنی چاقنىتىۋەتتی. كۆز-لىرىمنی یۇمۇپ قایتا ئاچقىنىمدا، ئەینەكتە بىر جۈپ قوی كۆز پەیدا بولۇپ، مېنىڭ كۆزۈم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدی. مەن ئەینەكتىن بۇرۇلۇپ ئارقامغا قارىدىم. یولدۇشۇم مېنی ئېلىپ ئۆیدىن چىقىپ، ئۇدۇل قەینئانامنىڭ هوجرىسىغا ئېلىپ كىردی.

ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا یۈزۈمگە شالاقىدە بىر سوغۇق نەرسە چېچىلدی. مەن «ۋای» دەپ یۈزۈمنی تۇتۇپ كۆزۈمنی ئاچسام، قەینئانامنىڭ غەزەپلىك كۆزلىری ماڭا مىختەك تىكىلگەن بولۇپ ئۇنىڭ قولىدىكی چىنە ئاچچىق دەستىدىن داۋالغۇپ تۇراتتی. چەكسىز قایغۇ ئەلەم ئىچىدە بىز ئۆیدىن ئارقىغا یاندۇق. یولدۇشۇم ئىشىدەستىن مېنی یېتىلەپ بىزنىڭ ئۆیگە قاراپ ماڭدی. ئۆیگە كىرگەندە، ئانام بىزنی ئىللىق چىرای، خۇش تەبەسسۇم بىلەن قارشی ئالدی، ئۇنىڭ قورۇق بېسىپ كەتكەن یۈزىگە كۈلكە یۈگۈرگەن بولۇپ، چېشسىز ئاغزی ئېچىلىپلا قالغان ئىدی. چۈنكی مەن ئانامنىڭ بىرلا قىزی بولۇپ، دادىدىن یېتىم قالغان، ئانام 10 یىللاپ ئوقۇتۇپ بۈگۈنكی بەختكە، ئېرىشتۈرگىچە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلگەن ئىدی. ئانام ئۆز قىزىنىڭ تۈنجی بەختلىك تویىدىن نىمە ئۈچۈن شاتلانمىسۇن. چۈنكی ئاتا – ئانا بولغۇچی ئۆز پەرزەندىنىڭ ئاغزىغا بىلىم سېلىش، مۇۋاپىق كەسپكە ئىگە قىلىش، ئۇنىڭ شاتلىق بىلەن تولغان بەختىیار تویىدىن باشقا نىمە بەختی بولسۇن! ئىككی ئۆیدە ئىككی خىل كەیپیات، ئىككی ئانىدا ئىككی خىل چىرای.

ئانام مېهری بىلەن یولدۇشۇمنی قارشی ئالدی – دە، «كەلسىلە بالام» دەپ یولدۇشۇمنىڭ پېشانىسىگە بىرنی سۆیۈپ، مېنی باغرىغا باستی.

— خۇدا بەختىڭلەرنی بەرسۇن، نەۋرەڭلەر-

www.uyghurkitap.com



نى كۆرۈشكە نەسىپ قىلسۇن، ـ دېدى ۋە بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. يولدۇشۇم ئانامغا تازىم بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئانامدىن سەمىمىي هال سورىدى. مەن يولدۇشۇمنىڭ بۇ ئالىجاناپ خىسلىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ يىغلاپ تاشلىدىم.

× ×

كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلۇشۇپ، ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولۇپ قالغىنىمىزغا بىر يىل بولۇپ قالدى. مەن هامىلدار ئىدىم، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قوساق كۆتىرىپ تاڭ سەھەرنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى جاهاننى زۇمرەتكە ئايلاندۇرغان بىر كۈنى بىر قىز تۇغدۇم. دوختۇرخانىغا يوقلاپ كەلگەنلەر ئىچىدە ئانام، يولدۇشۇم ۋە قەيىنئانامۇ بار ئىدى. ئانام بالىنى يۆگەككە ئوبدان يۆگەپ يولدۇشۇمغا سۇندى. يولدۇشۇم زور هاياجان ئىچىدە بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ، چوڭقۇر ئاتىلىق مېھرى بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. ئۇنىڭ خوشاللىقتىن ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى. ئۇ بىر چەتتە هومۇيۇپ تۇرغان ئانىسىغا قاراپ.

ــ ئانا ـ دېدى ـ دە، بالىنى قەيىنئانامغا سۇندى. قەيىنئانام بالىنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق سىنجىلاپ قاراپ كەتتىكى، بۇ هال كىشىنى هەيران قالدۇراتتى.

ــ هەجەپ دادىسىغا ئوخشاپتۇ، قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپتۇ. «ئېسىل تاشتىن گۆهەر چىقىدۇ» دېگەن راست ئىكەن، هەي سادىغاڭ كېتەي...... دېگىنىچە بالىنى دادىسىغا سۇندى. بۇ سۆزدىن هەم خوشال بولدۇم هەم كۆڭلۈم غەش بولدى. سەۋەبى قەيىنئانامنىڭ بالىنى هەۋەس بىلەن ماختىشى ئۇنىڭغا ئانىلىق مېھرى بىلەن كۆيۈنۈشى مېنى خوشال قىلسا، هېلىقى خەلق ماقالىنى ئىشلىتىشى مېنى تولىمۇ بىئارام قىلغان ئىدى.

بالام تۇغۇلۇپ يېرىم ياشقا كىرگەندە، يولدۇشۇم قانداقتۇ يالغان تۆهمەتلەر بىلەن خىزمەتتىن توختىتىپ قويۇلدى. مەن بۇ ناهەقچىلىققا چىدىيالماي، بالامنى كۆتىرىپ پارتىيە، هۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا باراتتىم، داتلەھۋالىمنى ئېيتاتتىم، بىر قىسىم رەهبەرلەر كۆڭلۈمگە يارىشا: «قايغۇرماڭ سىڭلىم، بۇ ئىش هەقىقەتكە چىقار، بىز تەكشۈرۈپ كۆرەيلى» دېسە، بىر قىسىم چالا ساۋاتلار «ئۆز شورى ئۆزىگە، توپىسى كۆزىگە، دېگەندەك ئۆزىدىن سەۋەنلىك ئۆتمىسە جازالىنامتى» دەيتتى. دەسلەپكى سۆزدىن ئازاپلىق يۈرىكىم بىرەر مەلھەمگە ئېگە بولسا، ئارقىدىنلا يەنە نەشتەر ئۇرۇلۇپ، زەخىملىنەتتى ـ دە، بالامنى باغرىمغا بېسىپ قايتىپ كېلەتتىم. تۈن كېچىلەردە كىرپىك قاقماي يىغلاپ چىقاتتىم. مەسۇم كىچىك بوۋاق مېنىڭ يىغامنى چۈشەنگەندەك ئۈن سېلىپ يىغلاپ كىچىك كۆرپىچە كەتە تىپىچەكلەيتتى. مەن چىدىيالماي ئۇنى باغرىمغا بېسىپ «يىغلىما ئالتۇن قوزام، جېنىم بالام» دەپ ئەركىلەتكىنىمدە ئۇ، مەسۇمە قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان خوشاللىقى بىلەن قاپ ـ قارا قۇمۇچاقتەك كۆزلىرىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئادەمنىڭ مەسلىگى كەلگىدەك ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلۈپ بېرەتتى. بۇچاغدا پۈتۈن دەرت ـ ئەلەملىرىم تۈگەپ، پۈتۈن بەدەنلىرىم يەڭگىللەپ قەلبىم يايراپ كېتەتتى.

يولدۇشۇمنىڭ توختىتىپ قويۇلغانلىقى سەۋەبىدىن، قەيىنئانامنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش ماڭا قالغان ئىدى. شۇڭا هەر ئايلىق ئىش هەققىمنى ئالغاندا، ئالدى بىلەن قەيىنئانامنى يوقلاپ باراتتىم.

هەي، ئىنىمنى دەي، تۇنجى قېتىم يوقلاپ بارغىنىمدا ئۇ، مۇز يېغىپ تۇرغان تەلەتنىمۇ

ئاچىاستىن، نەۋرىسىنى قولۇمدىن ئېلىپ ئەركىلىتىشكە باشلىدى.

— ئاپپاق بالام، جېنىم بالام، مەن سېنى ئېلىپ قېلىپ ئۆزەم باقىمەن، ھە! ئۇ شۇسۆزدىن كېيىن دەرھال ماڭا بۇرۇلۇپ:

— ئوغلۇمنىڭ بېشىغا چىققانمۇ سەن، ئوغلۇمنى ئازدۇرۇپ تىگمۇالغانمۇ سەن، ماڭ — ماڭ نېرى، ئۆيۈمگە يولىغۇچى بولما، بالىنى ئۆزەم باقىمەن — دىدى.

مېنىڭ مىگەمدىن كىرگەن ئوت تاپىنىمدىن چىقتى — دە، يۈرىگىم تۇز قۇيغاندەك ئېچىشىپ، پۇت — قوللۇرۇم بوشۇشۇپ، كۆزۈم قاراڭغۇلۇشۇپ كەتتى. ئۆزۈمنى باشقۇرالماي ئىشكىنىڭ يېنىنى تۇتۇپ، ئاران دىگەندە بوسۇغىدا ئولتۇرۇۋالدىم ۋە لىۋىمنى قاتتىق چىشلەپ، ئىچ — ئىچىمدىن ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتىم. يولدۇشۇمنىڭ دەردى — پىراقىنى تارتالمايۋاتقاندا ئەمدى بۇ نىمە گەپ؟!

مەن دەرھال يولدۇشۇمنىڭ: "سەن كىلىنلىك مېھرىڭ بىلەن ئانامنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتىشىڭ كېرەك، چۈنكى ئانام ياخشى ئايال" دىگەن سۆزىنى ئېسىمگە ئالدىدە، بېرىپ قەيىنئانامنىڭ پۇتىغا ئېسىلدىم:

— جېنىم ئانا... مېنى چۈشەنىسىلىچۇ؟ ئوغۇللىرىنىڭ جازالىنىشىغا مەن قانداق جاۋاپكار بولاي، بۇ بىر ناھەق ئىش، ئوغۇللىرى گۇناسىز، بۇ ئىش چوقۇم ئېنىقلىنىدۇ، جېنىم ئانا خوش بولاي، ئۆتىنەي ھەمرايىم، سىرداشىم، كۆز نۇرۇم بالامنى تارتىپئالمىسىلا — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدىم.

مانا ئىككى يىل ئۆتكەندە، يولدۇشۇم ئاقلىنىپ مەكتەپكە كېلىپ خىزمەتكە چۈشتى. بۇ چاغدا مەن بالىغا قارىغۇچى بولىغانلىغى ئۈچۈن، ئانامنى ماڭا ھەمرا بولسۇن ھەم بالامغا قاراشسۇن، دەپ ئۆز ئۆيىمىزگە ئەكىلىۋالغان ئىدىم. يولدۇشۇم قايتىپ كەلگەن كۈنى بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۈچۈن تويئۈستىگە توي بولدى، بولۇپمۇ كىچىك قىزىمىز غۇنچەم تولىمۇ شاتلىنىپ كەتتى. دادىسىنى باغرى تونىدى بولغاي، ئۇنىڭ قۇچىغىدا ئولتۇرۇپ چۈچۈك تىللىرى بىلەن:

— دادا، دادا! سەن يەدىن كەلدىڭ؟ ماڭا نىمە ئەكەلدىڭ؟ دىگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ دادىسىنى ئىنتايىن خوش قىلىۋەتتى.

ئۇن كۈلگەندە بىر يىغا دىگەندەك قەينئانام ئىشىكتىن ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى — دە، مېنى كۆرۈپلا:

— ھوي، سېنىڭ تۇرىدىغان جايىڭ بۇ ئەمەس، ئۆز ئۆيۈڭگە چىق دەپ ۋاقىردى.

— ئانا، — دىدى يولدۇشۇم، — مۇنداق قىلماڭ، مەن سىزگە قانداق تاتلىق بولغان بولسام، كىچىك قىزىم غۇنچەمۇ ماڭاشۇنداق تاتلىق، سىز كەلمىسىڭىزمۇ مەن تۇتى بىلەن سىزنى ھازىرلا يوقلاپ باراتتىم.

— تۇتى بىلەن، قوي ئۇنداق گېپىڭنى، مىلڭ يىل كۆرمىسەم، ھازىر كۆرگەندەكلا تۇرىمەن ئۇ نىمەڭنى، ماڭ ئۆيگە بار، دەيدىغان گەپلىرىم بار.

— ماقۇل، سەل تەخىر قىلىڭ، ھازىرلام كەينىڭىزدىن بارىمەن.

قەينئانام بىزنىڭ تەكەللۇپلىرىمىزغا ئۇنىماي، تەرسالىق بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. يولدۇشۇم بېشىنى سالغان ھالدا بىر بالىغا، بىر ماڭا، بىر ئىشىككە قاراپ تەڭقىسلىقتا تۇرۇپ قالدى. مەن يولدۇشۇمنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندىم، شۇڭا "بارسىلا، ھەرگىز تارتىنمىسىلا، مىلڭ قىلغان بىلەن ئانا ئەمەسمۇ؟ گەپلىرىنى ئېغىر ئالغىلى بولمايدۇ، ئىككى يىلدىن بۇيان كۆرۈشمىگەن ئانا — بالىلار قانچىدەك مۇڭدۇـ

www.uyghurkitap.com



شۇپ ئېلىڭلار، ئانام سىلىگە چىدامدۇ، ئىككى يىلدىن بىرى دەردلىرىدە قان يىغلاپ، يۈرىگى زەرداپ بولۇپ كەتتى-دە، بىچارىنىڭ بارسىلا، تېز بارسىلا - دېدىم.

— ماقۇل، مەن باراي، كەچتە چوقۇم قايتىپ كېلىمەن. يولدۇشۇم چىقىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ مەن، ئانام، يولدۇشۇم، قىزىمىز تۆت كىشى بىر ئۆيدە، قەيىنئانام يالغۇز بىر ئۆيدە تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە باشلىدۇق. قەيىنئانام مېنى ئىنتايىن يامان كۆرگىنى ئۈچۈن ئايرىم ئۆي تۇتتى، دەپ بىر تال چوكا چاغلىق نەرسە بەرمىگەن ئىدى. بىز تىرىشىپ-تىرمىشىپ قەدرى ئەھۋال ئۆي سەرەمجانلىرىنى ئېلىپ بېكىچە، مۇستەقىل ھاياتقا قەدەم قويدۇق.

كۈنلەردىن بىر كۈنى يولدۇشۇمنىڭ كىچىك ئاچىسى ئۈرۈمچىدىن كەلدى. بىز ئەر خوتۇن ئىككىيلەن قىزىمىزنى كۆتىرىپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ئۆيدىن قەيىنئانامنىڭ: "ھەي، نىمىسىنى ئەيتىسەن بالام، ئىنىڭ بىر ئەقىلسىز، بىتەلەي بالا بولدى، شەھەردىن شۇنچە ئىسىل كىشىلەرنىڭ ئالتۇندەك قىزلىرىنى سايە قىلسام ئۇنىماي، بىر سەرالىق تومپايىنى ئېلىۋالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خوتۇنىنىڭ ئايىغى ياراشمىدى... ئىسىت! ئىسىت! ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت — ئەشۇ شۇمپىشانە، شور تۇمشۇقنىڭ كاساپىتى دېگىنە" دېگەن سۆز قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. مەن بۇ سۆزدىن يە ئالدىغا مېڭىشنى، يە قايتىپ كېتىشنى بىلمەي ئىزىمدا توختاپ قالدىم. نەپىسىم بوغۇلۇپ، يۈرىگىم تېز - تېز سوقۇپ، يىقىلىپ چۈشۈشكە تاسلا قالدىم. يولدۇشۇم بۇ ھالىمنى كۆرۈپ، پالىنى قولۇمدىن ئېلىپ... "خاپا بولما، بەرداشلىق بەرگىن، بۇ سۆزلەرنى كۆڭلۈڭگە ئالما، ئانامۇ بىر كۈنى چۈشىنىپ قالار، جۇرچاندۇرماي كىرەيلى" دېدى.

مەن پۇتۇمنى ئاران يۆتكەپ، بوسۇغىدىن ئاتلىدىم. خان ئاچام دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يولدۇشۇم ۋە مەن بىلەن قىزغىن سالاملاشتى-دە، يولدۇشۇمدىن قىزىمىزنى قولىغا ئېلىپ، مەڭزىدىن سۆيۈپ قويدى ۋە بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. لېكىن قەيىنئانام ئوغلىنىڭ ئاستىغا كۆرپە سېلىپ، مەن بىلەن قىلچە كارى بولمىدى. مەن كارۋاتنىڭ لېۋىگىلا ئولتۇردۇم. قايىتىدىن تېچلىق — ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، داستىخان سېلىپ تاماق كەلتۈرۈلدى. قەيىنئانام ھەممەيلەنگە چىرايلىق چىنىلەردە تاماق كەلتۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا چاك كەتكەن قاداتقان پۇچۇق چىنىدە ئاش كەلتۈردى. يولدۇشۇم بۇ ھالدىن قاتتىق غەزەپلەندى بولغاي، ئۆزى ئالدىدىكى چىنىنى ماڭا قويۇپ تاماققا تەكلىپ قىلدى. بۇ يولدۇشۇمنىڭ قەيىنئانامنىڭ مېنى خارلىغانلىقىغا تۇنجى قېتىم قارشى چىقىشى ئىدى. قەيىنئانام بۇ ھالنى كۆرۈپ:

— نىمانچە قىلىسەن بۇ كىشىگە، بۇ كىشىگە چۇ، مۇشۇ چىنىمۇ ئارتۇقچىلىق قىلىدۇ — دېدى.

— ئانا، — دېدى يولدۇشۇم، — سەن مۇنداق ئادەمنىڭ ئىززەت - نەپسىگە تېگىدىغان ئىشلارنى قىلما، بىزمۇ ئادەمغۇ، بۇمۇ سەندەك ئايالغۇ؟ سىنىڭ كېلىنىڭ، ئۆز قىزىڭغۇ؟ سەنمۇ بىر قەيىنئانىنىڭ كېلىنى بولغىنىڭ. بۇنداق قىلمىغىن، كىچىك نەۋرەڭگە يىتىپ قالمىسۇن.

— يىتىپ قالمىسۇن؟! ھۇ نائەھلى، سەن تېخى ماڭا جاۋاپ قايتۇرغىدەك بولدۇڭمۇ؟! ھەلى بىكار كۆرگىلىگىنى كۆرسىتىمەن. بول تېز چىنىلەرنى ئالماشتۇر.

- يولدۇشۇمنىڭ ئەمدى تاقىتى - تاق بولدى- دە، ئەلەمگە چىداپ تۇرالماستىن، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، قولىدىكى قاداق ھەم پۇچۇق چىنىنى ئىگىز كۆتىرىپ يەرگە شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، چىنىدىكى ئاش تۆكۈلۈپ،

چىنە چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى، ئۆي ئىچى چۈككۈر سۈكۈتكە چۆمدى.

— ھو بىنومۇس، تۇغۇپ چوڭ قىلغىنىمغا سەندىن شۇنچە خورلۇقنى كۆرمەدىمۇ؟ چىق ئۆيدىن، چىق دەيمەن! ئەتىۋالىغىنىڭنى ئىككىنچى بوسۇغامدىن ئاتلاتقۇزغۇچى بولما - دىدى.

— ئانا، - دىدى يولدۇشۇم تەمكىنلىك بىلەن ئۆيدىن چىقىۋېتىپ، - بىز چىقىمىز، چىقماسقا ھەققىمىز يوق، لېكىن، سەن شۇنى چۈشەنگىنكى « بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشا يىغىلىك شۇ، يېنىڭدا كىم ئولتۇرسا چىرايىڭ شۇ »، دىگەن خەلق ماقالىسىنى ئۇنتۇپ قالدىڭ. ئۇ ھەر قانچە يامان بولسىمۇ مەن ناھەق جازالانغان يىللاردا سېنىڭ ۋە مېنىڭ بالامنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ بىزگە ۋاپادارلىق قىلدىغۇ، سەن بۇنىمۇ چۈشەنمەمسەن؟

— ئوھوي، قوي بۇنداق گېپىڭنى، بۇ مېنى باققۇچە ئۆزىنى باقسۇنا. ئەيتىپ قوياي، مەن ئۆلۈپ - تارتىپ قالسام، بۇ خېنىمىڭنى مېنىڭ جەسىدىم يېنىغا يولاتما. ئەگەر يولۇتۇش توغرا كەلسە، مېنىڭ جەسىدىمنى تاختىراۋاندا دۈم ياتقۇزۇپ قويىساڭ مەن سەندىن رازى ئەمەس - دىدى.

بۇ سۆزدىن يۈرەك باغرىم شۇنداق ئىزىلدىكى، چىكە تومۇرلىرىم لوقۇلداپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، كۆز ئالدىمدا يەر جاھان پىقىراپ كەتتى. ۋىجدان ئازاۋى، قىلغان ئەقىدەم دەرياىدىكى سەل بولۇپ قوش بولاقتىن شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىۋاتتا ئىدى.

— ئانا، جېنىم ئانا! مەن سىلىگە نىمە قىلدىم؟ دىدىم - دە، ئۆزەمنى قەيىنئانامغا ئاتتىم......

× ×

"ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ زور بايلىق—سالامەتلىك » دەپ ناھايىتى توغرا ئەيتقان ئىكەن. قەيىنئانام ياشانغانسىرى كۆپرەك ئاغرىق سىلاققا ئۇچراپ 4—3 ئايلاپ يېتىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. قېشىدا قارىغۇچىسى بولمىغانىدىن كېيىن، مېنىڭ خەۋەر ئېلىشىمغا توغرا كەلدى، 4 يىل ئىچىدە ئۇ تۆت قېتىم ئاغرىپ مېنىڭ قېتىقىنىپ بېقىشىم ۋە دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ داۋالىتىشىم بىلەن ياخشى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ماڭا نىسبەتەن كۆز قارىشىدىمۇ روشەن ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. بالدۇرقىدەك كۆرسە تىل سالمايدىغان، غەزەپلىك ھوماي - مايدىغان بولدى.

74 - يىلىنىڭ قىش كۈنلىرىدە قەيىنئانام قاتتىق كېسەل بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن، يولدۇشۇم بىر ھەپتە ئانىسىنىڭ قېشىدا بولۇپ قالدى. مەنمۇ ئەنسىرەپ، خىزمەتتىن سوراپ قەيىنئانامنىڭ يېنىدا بولدۇم. دەسلەپكى كۈنلەردە قەيىنئانامنىڭ كېسىلى ئانچە ئېغىر ئەمەس بولۇپ، ئۆز تەرىپىگە ئۆزى قوپالايتتى. مەن شۇڭا كۈن ئارىلاپ يوقلاپ تۇردۇم. لېكىن يولدۇشۇم ئانىسىنىڭ قېشىدىن. زادىلا نېرى كەتمەي ئەتىگىنى - ئاخشىمى دائىم قېشىدا ئىدى، قىزلىرىمۇ ئايدا بىر قېتىمدىن يوقلاپ تۇراتتى. بىز قەيىنئانامنىڭ يالغۇزلىقىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە كېسەللەنگىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، بىر ئۆيدە ياشىشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان بولسامۇ « مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا » دىگەندەك سىلەرمۇ بالاڭلارنى بېقىڭلار، ماڭىمۇ خۇدايىم بار » دەپ ئۇنىمىدى. بىزمۇ تەنها ياشاپ ئۆگىنىپ قالغان بۇ تەرسا خوتۇننىڭ رايىغا بېقىپ، ھەپتىدە بىر قېتىم يوقلاپ تۇراتتۇق. ئەمدىلىكتە كېسىلى بەك ئېغىرلىشىپ ئورنىدىن تۇرالماس بولۇپ قالدى. دوختۇر—

www.uyghurkitap.com



لارمۇ: «ۋېرىلىق يېتىپتۇ ...... كۆڭلى نىمىسىنى خالىسا، شۇنى بېرىپ ئوبدان بېقىڭلار» دېگەن جاۋاپنى بەردى. شۇڭا قەينىئانامنى ئۆيدە كۈتۈشكە توغرا كەلدى.

قەينىئانامنىڭ مېنىڭ يولدۇشۇمدىن باشقا يەنە ئىككى قىزى بولۇپ، بىرى ئۇرۇمچىدە، يەنە بىرى ئۆزىگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا تۇراتتى. قەينىئانام شەھەردە، بىز ناھىيە مەركىزىدە تۇراتتۇق. شۇڭا قەينىئانامنىڭ كېسەلىنى بېقىش بىزگە تولىمۇ قىيىنغا چۈشتى. يولدۇشۇمنىڭ تازا بېشى قېتىپ تۇرغاندا، مەن مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، يېرىم كۈندىن نۆۋەتلىشىپ ئىشلەپ يېرىم كۈندىن قەينىئانامنى بېقىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم ۋە شۇ قارار بويىچە تەشكىلدىن سوراپ چۈشتىن بۇرۇن مەن، چۈشتىن كېيىن يولدۇشۇم قەينىئانامغا قارىدۇق. قەينىئانامنىڭ چوڭ قىزى ئايدا بىرەر قېتىم كېلەتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى مەن زادىلا چۈشىنەلمەيتتىم.

قەينىئانامنىڭ كېسەلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ ئۆز تەرىپىگە ئۆزى قوپالمىغىدەك ھالغا كەلدى، ئەمدى نۆۋەتلىشىپ بېقىشنى ئۆزگەرتىپ، مېنىڭلا كۈن بويى بېشىدا تۇرۇشۇمغا توغرا كەلدى. ھەر كۈنى قەينىئانامغا دورا ئىچكۈزۈش، ئۇچىسىنى تۇتۇش، ئورۇن - كۆرپىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ يەڭگۈشلەش، دىلى خالىغان تاماقنى ئېتىپ بېرىش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلارنى سەمىمىيلىك بىلەن بېجىردىم. مېنىڭ بۇ خەيرخاھلىقىمدىن كېسەل ئازاۋى سەل يەڭگىللىگەندەك بولدىمۇ ياكى قەينىئانامنىڭ باغرىدىكى مۇز پارچىلىرى ئېرىدىمۇ، ئەتىيالىم مېنىڭ سۆزلىرىمگە كۆنۈپ، مەن دېگەن ئىشلارنى بىجانىدىل ئورۇنلايتتى. كۆڭلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ كېسەلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ تەرەت تۇتالماس ھالغا كەلدى. تاماقتىنمۇ قالدى. شۇڭا كۈنىگە بەش - ئالتە قېتىم ئاستىنى قۇرۇتداپ، كىرلىك يەڭگۈشلەشكە توغرا كەلدى. مەن بۇ ئىشلارنى قىلچە ئېغىر ئالماي ئەستايىدىل بېجىردىم. بىر كۈنى خان ئاچام قەينىئانامنى يوقلاپ كەلدى. ھال - ئەھۋاللاشتۇق، چاي كەلتۈردۈم. شۇ ئارىدا بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ ئۆيگە كىرسەم ئۇ قەينىئانامنىڭ ئاستىدىكى ئەدىيالنى يەڭگۈشلەشكە تۇتۇنغان ئىكەن. ئۇ مېنىڭ ئۆيگە كىرگىنىمنى كۆرۈپلا:

— ۋىيەي، چوڭىمۇ چىققان ئوخشايدۇ، كەلسىلە خېنىم، سىلە يەڭگۈشلەپ قويسىلا، — دەپ بۇرنىنى تۇتۇپ ئانىسىدىن نېرى كەتتى. مەن ئىرەنمەي بېرىپ قەينىئانامنىڭ ھاجىتىنى ئېلىپ تازىلاپ، ئاستىنى قۇرۇتداپ قويدۇم. قەينىئانام بىر قىزىغا، بىر ماڭا قاراپ قويۇپ بىر ھازا جىمىپ كەتتى ۋە ئۆزىنى يۇيۇپ قويۇشىمىزنى ئېيتتى. مەن دەرھال ئىسسىق سۇ، داس، سوپۇن، لۆڭگىلەرنى تەييارلاپ ئۇنى ئاۋايلاپ داس يېنىغا يۆلەپ كېلىپ بىلىگە ياستۇق قويۇپ كىيىملىرىنى يەشتىم، خان ئاچام قولىغا بىر سۈپۈرگىنى ئېلىپ قەينىئانامنىڭ پۇتىنى داسقا چىلاپ، پاچاقلىرىنى سۈپۈرگە بىلەن يۇيۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا قەينىئانامنىڭ چىرايى بۇزۇلۇپ، غەزەپتىن كۆز چاناقلىرى يوغىناپ كەتتى. مەن بۇ ھالنى كۆرۈپ دەرھال قەينىئانامنىڭ پۇتلىرىنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ، قولۇم بىلەن سىلاپ ناھايىتى ئاۋايلاپ يۇدۇم ھەم لۆڭگە بىلەن بەدەنلىرىنى سۈرتۈپ، ئۇۋۇلاپ، باش - كۆزلىرىنى تاراپ، كېسەل ئازاۋىدا شىكەستە-

(ئاخىرى 107 - بەتتە)



# رەھبەر

(ھىكايە)

تۇرسۇن ياسىن

1948 - يىل ياز. رەڭگا - رەڭ گۈل نۇسقىلىرىدىن ياسالغان گۈلدەستىلەرنى تۇتۇشۇپ، بىر خىل پورمىدا كىيىنىشكەن قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بارغانسېرى ئۇلغۇيۇپ، كوچا-كوچىلارغا پاتماي كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدى تۆت قەۋەتلىك ئىلى ئۇن زاۋۇدىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، بىردىنلا كۆركەم سەلتەنەتلىك بىلىم يۇرتى بىناسىدىن قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلاندى. باش بوغۇنلار ئۆزلىرى ئادەتلەنگەن بۇ سىگنالدىن بىر ئاز جىددىلەشكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئەگىمەلىك سېمونت كۆۋرۈك ئۈستىدىن ئۆتىشىۋاتقانلىرىدا، قولىرىدىكى گۈلدەستىلىرىنىڭ، ئىگىز - پەس كۆتۈرۈلىشى گويا كۆۋرۈك ئۈستىگە سېلىنغان رەڭدار گىلەمنى ئەسلىتەتتى. مانا، بۇ رەڭمۇ - رەڭ گۈل چېكىلگەن سەلتەنەتلىك پايانداز، غاز قانىتى سېلىنغان، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قوش

قانات زال ئىشىگىگە تۇتاشتى.

شۇ كۈنى هاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، ئاسمان سۈپ-سۈزۈك ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئارزۇ-ئىستەك ۋە ھىس تۇيغۇلار بىلەن تولغان خوشال كۆلكە سادايى ئوقۇتۇش بىناسىنى ئادەتتىن تاشقىرى جانلاندۇرىۋەتكەن ئىدى. قوڭغۇراق ئىككىنچى قېتىم جاراڭلىدى ۋە ئارقا-ئارقىدىن ئۈنىڭغا ئۇلۇنۇپ سىۋىستوك چېلىندى. ئۇ چەت-بۇ چېتىدە، قۇچاق يەتكۇسىز تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان مەكتەپ قوراسى ئىچىدە بىر دەمدىلا رەت-رېتى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشكە دەسسىشى باشلاندى. ئۈچۈنچى قېتىم چېلىنغان قوڭغۇراق ھەم سىۋىستوك بىلەن تەڭ ئوقۇغۇچىلار تېزدىن مەيدان ئوتتۇرىسىغا يا-سالغان سەھنە ئالدىغا يىغىلىشتى. «ئەلاچىلارنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى» دىگەن پىلاكات ئېسىلغان سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپى بايراقچىلار بىلەن، ئالدى-كەينى گۈلدەستىلەر بىلەن بېزەلگەن ئىدى. مىكراپۇن ئورنۇتۇلغان ئۈستەلنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئورۇندۇقلار بوش، ئارقىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلەر ئولتۇرىشاتتى. شۇ ئەسنادا مەكتەپ مۇدىرى مىكراپۇن ئالدىغا كەلدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەيداندىكى شاۋقۇن-سۈرەنلىرى بىر ئاز تىنجىدى. مودىر سۆز باشلىدى:

— ساۋاقداشلار، ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلار، بۈگۈنكى يىغىنىمىزغا قاتنىشىدىغان رەھبەرلىرىمىز كەلدى، قېنى قىزغىن قارشى ئالايلى!...

قەلبلەر خوشاللىقنى چېكىگە يەتتى. ئوقۇغۇچىلار توپى ئىچىدىن ئېچىلغان يولدا كىلىۋاتقان رەھبەرلەر باش لىڭشىتىشىپ كۈلۈپ-چىلىككە توختىماي ھۆرمەت بىلدۈرەتتى ۋە ئۆزىگە سۇنۇلىۋاتقان قەلب گۈلدەستىلىرىگە مىننەتدارلىق، قىزغىن ھىسسىياتىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇلار سەھنىگە چىقىپ بوش ئورۇنلارغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەكتەپ مودىرى مىكراپۇندا بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— بۈگۈن مەكتىۋىمىزگە كەلگەن رەھبەرلەر ۋە مېھمانلار ئىچىدە، — دەيتتى مەكتەپ مودىرى، — رەئىسىمىز ئەخمەتجان قاسىمى، باش قوماندانىمىز ئىسھاق بەگ مونونوپ شىنجاڭدا تېچلىقنى ۋە دىموكىراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئابدۇكىرىم ئاباسوۋ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى دەلىلقان سۈگۈرباييۋ ۋە باشقىلار بار.

رەھبەرلەرنىڭ ئىسىملىگى مىكراپۇندا ئېيتىلغىنىدا، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. سەھنە ئاستىدىن گۈلدىراس ئالقىش ياڭراپ تۇردى.

شۇنداق، بۇ بىلىم يۇرتىغا ئەشۇ رەھبەرلەر ئۆزلىرى ھۆل بېسىپ بەرگەن كۈندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە ياققان ئالقىش-سادالارنىڭ سانىنى ئېلىش ناھايىتى قىيىن، ھەر قېتىمقىسى ئوخشىمىغان ھالدا، يېڭىدىن-يېڭى ئۈمىتلىك ھىس-ھاياجانلار بەخش ئېتىپ كەلدى. بۈگۈنكىسى تېخىمۇ يېڭى ھىس-تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنى ئاجايىپ غايىلىك گۈزەل خىياللار دەرياسىدا ئۈزدۈرمەكتە ئىدى.

— يىغىن كۈن تەرتىپ بويىچە ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنى تەقدىرلەش ۋە ئۇلارغا مۇكاپات تارقىتىش باسقۇچىغا ئۆتتى، مىكراپۇندا ئوقۇلغان ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكلىرى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ دىققىتىنى ناھايىتى تېز ئۆزىگە جەلپ قىلدى، تونۇش ئىسىملىكلەر ئىچىدىن جانىمقان، ھاسان، تۇردىيۇ، رىھان... قاتارلىقلارنىڭ ئىسمى ئوقۇلۇپ، كەينىدىنلا

AltunOq

سەھنىدە ئۆزلىرىدىن پەيدا بولۇشقا باشلىدى ۋە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ:

— ھۇي، ھاسانمۇسەن! دېيىشىگە ئۇنىڭ:

— ئاتامۇسىز! دېگىنى بىرلىشىپ كەتتى.

سەھنىدە يەنە ئارقا - ئارقىدىن:

— ھۇي، تۇردى!

— ئاتام!

— رەيھانە!

— دادا!

— دادا، ۋاي دادا ...مۇبارەك قولىڭىزنى...

دېگەن سۆزلەر ئاڭلىنىپ تۇردى. شۇ چاغ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قولىدىكى دەپتەر - قەلەم، تەقدىرنامىغا قارىماي، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ، ئۆپكىدەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتكەن جاناقاننىڭ ئاۋازى ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭغا مۇكاپاتنى بېرىۋېتىپ، گۈلدىراس ئالقىشلار ئىچىدە ئۇنى توپ ئىچىگە قايتۇردى. لېكىن ئۆز كۆڭلىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۆتكەنكى بىر قاتار سەرگۈزەشتىلەر ھەممىنىڭ كۆز ئالدىدا تەسۋىردەك تىزىلىۋاتقا ئىدى.

× × ×

ھەيۋەتلىك ئىلى دەرياسى. دەريانىڭ دولقۇنلۇق ئېقىنىدا، بىر خىل رىتىمدا ئوخچۇپ كېلىۋاتقان سال. ئىككى قاسنىقى قويۇق ئورمانلار، ھەرە چىشلىرىدەك تىك يار-دۆڭلەر، مەھەللە كوي-ئېتىز - ئېرىقلارنى كېسىپ، خەتەرلىك شاقىراتما قىستاڭلاردا، بىر خىل ئىز قالدۇرۇپ ئېقىپ كەلمەكتە. بۇ مەنزىرىلەر ئۆزىگە بەش قولدەك تونۇش بولغان پىششىقدەم سالچى پالتىنى مەھكەم تۇتقان ھالدا، ئەتراپقا ھەيرانلىقتا قارايتتى. ئۇنىڭ گورۇي بەستىگە ماس كەلگەن يوغان كۆزلىرى، كۆپىرەك ئۆزى ئېلىپ كېلىۋاتقان ھەمرالىرىغا چۈشەتتى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا بۇ مەنزىرىلەرگە قىزىقىش ھېسسىياتى كۆرۈنمەيتتى. سالچى ئۇلارنى بۇرۇن سالغا چۈشكەن يولوچىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ چوڭقۇر خىياللارغا چۆمۈپ كېتەتتى ۋە ئىچىدە ئويلايتتى: چوڭ ئىشلار بىلەن بولىۋاتقان مەرتىۋىلىكلەر مۇشۇنداق كېلەمدۇ - يا؟ - ياق، ھەممىسىنىڭ بۇنداق كېلىشى ناتايىن، ئۆتكەندە بۇ سالدا ئەنە شۇ ئادەم بولغان، بىر نەچچە ھەمرالىرى بىلەن يول بويى ئوتلاۋاتقان ماللارنى كۆرمىگىنى قالمىغان، مىنىپ ئويىنىمىغان يىلقىسى قالمىغان، كاۋاپ قىلدۇرۇپ يەپ، قىمىز ئىچمىگەن ئۆيى قالمىغان، بۈگۈن ئۇ ئادەممۇ جىم... بۇ باللارغا نېمە بولغاندۇ - ھە! ئۇلار يە كۈلۈشمەيدۇ، يە ئەتراپتىن ئالغان تەسىراتلىرىنى چۇرۇقلىشىپمۇ سۆزلەشمەيدۇ، چوقۇم بىر ئەھۋال بولغان، بولمىسا ئۇلار پەكاپقا چۈشمەي، سالغا ئولتۇرۇپ يول يۈرەمدۇ؟!...

سالدىكى سۈسەر تۇماق كەيگەن گەۋدىلىك ئادەم يالغۇزلا بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئېغىرلىقىدا ئىدى، ئۇ سالنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا مېڭىپ پات-پات يان قورالىنى سىلاپ قوياتتى. سۇدىن كۆزىنى ئالماي ئولتۇرغان مەنچەستىر دوپپۇلۇق، ئاددى جۇڭسەنپۇ چاپىنىنىڭ ئۈستىگە كۈلرەڭ پىلاش كىيىۋالغان ئادەم بولسا، پات - پات ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتى. باللار كۆزلىرىنى يۇمۇلىۋاتقان ھالدا بىر - بىرىگە دۈمبىسىنى قىلىشىپ، پەكاپنىڭ قېشىدا تۇرۇشاتتى. ئۇلاردىن نېرىراقتا ئايرىم تۇرىۋاتقان جاناقان تېخىچە ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتاتتى.

— ئوغلۇم، بولدى قوي يىغلىما، بىز ساڭا ئاتا - ئانا بولغىلى ئېلىپ كېتىۋاتىمىز، بىزنى ئاتا قىلمامسەن، - دېدى مەنچەستىر دوپپۇلۇق ئادەم ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئۇ جانىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قانىنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى قولىدىكى ياغلىقى بىلەن سۈرتكەندىن كېيىن، قالغانلارغىمۇ، «قاراڭلار، ئەنە شەھەر كۆرۈنىۋاتىدۇ، سىلەرگە بىز ئاتا بولۇپ ئوقۇتىمىز. بىلىم ئالسىلەر، ئاندىن يېڭىلمەس باتۇر بولىسىلەر!...» دېدى.

— توغرا ئېيتىدۇ ئۇكىلىرىم! ئىلىم دارىلىتام سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار بولىدۇ. بۇ يەردە ئاتا - ئاناڭلار بار. بىر تۇققان قېرىنداش بولىدىغان سىلەردەك ئازىلىقلىرىمىز بار. بىز سىلەرگە ئوخشاشلارنى دەپ ئۇرۇش قىلدۇق، دۈشمەنلەرنى يوقاتتۇق، — دېيىشتى ھېلىقى ياش كىشى بىلەن يوغان گەۋدىلىك ئادەم ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

سالچى يول بويى پاراڭ قىلىشماي كېلىۋاتقان ھەمراھلىرىنىڭ بۇ پاراڭلىرىدىن باياتىن بېرىقى تۈگۈچ خىياللىرىنىڭ يىپ ئۇچى چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلدى ۋە ئەھۋالىنى تېخىمۇ ياخشىراق بىلىۋېلىش ئۈچۈن قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ تۇردى، لېكىن، پاراڭ ئۇزۇن داۋاملاشمىدى، يەنە ئارىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. سالچى مەنچەستىر دوپپۇلۇق ئادەمنىڭ جانىمقانىڭ يىغىسىنى شۇنچە قىلىپمۇ توختىتالماي ئاخىرى كۆزلىرىدىن ياش ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. سالچى بۇ ئادەمنى بىر يەردە كۆرگەندەك ھېس قىلىۋاتاتتى، جانىمقان ئۇنىڭغا ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ، سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىزنى ئاتام دېمەي كىمنى ئاتام دەي، تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ خەتەردە ئاتامنى، ئانامنى سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن يەرلىككە قويدىڭىز. يۇرتتىن سوراپ مېنى ئېلىپ ماڭدىڭىز. يالغۇز قالغان بۇ ئۈچ بىر تۇققۇنۇمنىمۇ قوشۇپ ئالدىڭىز. سىزگە يۇرت دۇئا قىلدى. سىلەر راستلا مېھرىبان كىشىلەر ئىكەنسىلەر، بولمىسا يۇرتمۇ دۇئا قىلمايتتى، بىزنى قوشۇپ بەرمەيتتى، لېكىن ئاتا - ئانام كۆزۈمدىن كەتمەيۋاتىدۇ؟...

ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن جانىمقانىڭ ئۈنچىدەك تىزىلغان بۇ سۆزلىرى، سالدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈرىكىنى ئەزدى، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى.

— كىم ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلمايدۇ دەيسەن؟ مەنمۇ ئالتە يېشىمدا ئاتا - ئانامدىن ئايرىلغان، مېنىمۇ سېنىڭدەك بولغىچە بىرسى بالا قىلىۋالغان، ئاخىرى سەنچىلىك ۋاقتىمدا دارىلىتامغا بەرگەن. ئۇ يەر سىلەردەكلەرنىڭ ئۆيى، خاتىرجەم ئۆتىسىلەر، ئوقۇيسىلەر، مەنمۇ شۇ يەردە ئوقۇپ چوڭ بولدۇم. سىلەرگە ئاتا بولىۋاتىمەن، كەلگۈسى سىلەرمۇ ئۆزەڭلەرگە ئوخشاشلارغا ئاتا بولىشنى خالىمامسىلەر؟

مەنچەستىر دوپپۇلۇق ئادەمنىڭ ئاخىرقى بۇ سۆزلىرى ھەممىنى قايىل قىلدى، ھەتتا يىغلاۋاتقان جانىمقانمۇ تىمتاس بولۇپ قالدى.

سال بىر ئەگمىدىن ئۆتۈپ، گۈۋكىرەۋاتقان ماشىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقان ھەيۋەتلىك ئىلى تاختاي زاۋۇدىنىڭ بىناسى كۆرۈنۈپ تۇرغان تۈزلەڭلىككە چىقتى. ئۇلار ياپيېشىل مەيداندا بىر نەچچە يىلەننىڭ دەستۇرخان سېلىپ ناخشا - ساز بىلەن بولىۋاتقانلىقىنى كۆردى. سال ئادىتى بويىچە شۇ ئورۇندا باغلاندى، سالدىكىلەر چۈشتى. ئارقىدىن پىكاپنى چۈشۈردى. سورۇندىكىلەرمۇ ئۇلارغا ھەيران بولۇشۇپ قالدى.

× × ×

ئەخمەتجان قاسىمى تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆز قىلدى، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق جۈملىلەر بىلەن ئاياقلاشتۇردى:

— بىلىم يۇرتى — نادانلىقنى يۇيۇش يۇرتى، خۇراپات ۋە گوللۇقنى تۈگىتىش يۇرتى. بۇنىڭدا بىلىم ئېلىپ يېتىلگەندىلا ئۆزىنى ئازات قىلغىلى، خەلقنى ئازات قىلغىلى، ۋەتىنىنى ئازات قىلغىلى بولىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، پەقەت دۇنيادا مۇشۇ بىر يوللا بار. باشقىچە يول بىلەن ھەرگىزمۇ يەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىلىم — مەشئەل، بۇ مەشئەلنى ھەممىمىز كۆتەرگەندە دۇنيا يورۇيدۇ، ئەل يورۇيدۇ، قەلب يورۇيدۇ.

گۇلدىراس ئالقىشلار مەكتەپ ئىچىنى قاپلىغان ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى مەكتەپ قوراسىدىن چىقىپ كەتكىچە، جانىمقاندىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئۆزىنى ئاران بېسىپ مېڭىۋاتاتتى، جانىمقانمۇ ئەخمەتجان قاسىمىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ، گويا مۇنىدىن نەچچە يىل بۇرۇن ھېلىقى سالدا يىغىسىنى باسالمىغان قىياپەتتە تۇراتتى. ھېلىقى ئۈچ بىر تۇققانمۇ بۈگۈن ئۇنىڭ يېنىدا بىرگە ئەلاچىلىق مۇكاپاتىنى ئالدى. ئۈچ بىر تۇققان بىرلىكتە ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن رەسىمگىمۇ چۈشتى. مانا ئەمدى جانىمقانىنىڭ خىيالىدا مۇنداق كەچمىشلەر قانات قاقتى.

× × ×

«ئىلى دارىلتامى» دىگەن يوغان خەت يېزىلغان ئاي شەكلىدە چىقىرىلغان چوڭ بىنانىڭ ئالدى لەپكىسى، ئىچكىرىلەپ كىرگەندە، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن كەتكەن زال، زالنىڭ دېرىزە، ئىشىكلىرى كۈن پېتىشقا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ ئاشخانا بولۇپ، 130 دىن ئوشۇق بالا غىزالىناتتى. بىر كۈنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مەكتەپكە كەلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئۆزىمۇ كىرىپ كەلدى. بالىلارنىڭ ھەممىسى تاماقلىرىنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگرەشتى، كىچىكلىرى ئەپەندىمگە ئېسىلىشاتتى، ئەپەندىمۇ زوقلۇنۇپ نۆۋەت بويىچە ئۇلارنى كۆتىرىپ يەرگە قويۇپ قوياتتى. شۇچاغ ئومۇمى باشلىق:

— سالام بىر!… دەپ كوماندا بەردى، ھەممەيلەن ئۆز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئارقىدىنلا رۇقسەت كوماندىسى بېرىلگەندە، تاماقلىرىنى يېيىشكە باشلىدى. ئەخمەتجان قاسىمى ھەممىسىنىڭ قاچىسىدىكى تامىقىنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ، يەنە جانىمقانىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سەن بۇ مەۋسۇمدا سىنىپتىن قانداق كۆچتۈڭ؟ ئۇ جاۋاپ بەرگىچە باشقىلار چۇقۇرۇشۇپ جاۋاپ بەردى:

— ئەلا كۆچتى، ئەلا.

— ئەلا ؟ !… — دىدى ئەخمەتجان قاسىمى خوشال ھالدا ئۇنىڭ تامىقىغا ئېغىز تەككۈزۈپ تۇرۇپ، ئارقىدىن بىللە كەلگەن ئابىدىكىرىم ئابباسوۋ، سەيپىدىنلەرمۇ باشقىلارنىڭ تاماقلىرىدىن ئېغىزلاندى.

— تاماقلارنىڭ تەمى قانداقراق؟ — سورىدى ئەخمەتجان.

— ياخشى — دەپ چۇقۇراشتى بالىلار

ئەخمەتجان ئېغىز تېگىۋاتقان جانىمقانىنىڭ تامىقىدا، شۇ كۈنى قېيىشقاندەك گۆش توغرامچىسى كۆرۈنمەيتتى.

— يالغان ئېيتماڭلار، بۇ تاماقتا گۆش يوققۇ، ئاشپەز كىم؟ ئاشپەزمۇ ھازىر بولدى.

— تاماقتا تەم يوققۇ!…

— زاپخوز سىركە، لازا ئېلىپ بەرمىدى.

شۇ ئەسنادا ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ئاق ئاليۇمىن قاچا، ئاليۇمىن قوشۇقلارنى ھەربىر بالىغا بىردىن تۇتقازدى، ئاشپەز، زاپخوزلارغا تەربىيە - نەسىھەت قىلدى. كەيىندىن جانىمقانىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سېنىڭ ئەلا ئوقۇغىنىڭ ئۈچۈن، بۇ ساڭا ئۆزەمنىڭ مۇكاپاتى، — دەپ بازاردىن يېڭىلا ئالغۇزۇپ كەلگەن يېڭى شىم - پەشمەتنى تەگلىدى ۋە باشقىلارغا قاراپ، — سىلەرنىڭمۇ ئەلا ئوقۇشۇڭلارنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىت قىلىمەن. ئەتە ھېيت، ھېيتىڭلارنى تەبرىكلەيمەن مانا بۇ كىيىم - كېچەك، پۇل ھېيتلىغىڭلار بولسۇن — دىدى. ئارقىدىن جانىمقان باشلىق بىر نەچچە كىچىك ساۋاقداشنى يېنىغا ئېلىپ، ھەتتا بويىنىغا تۆگە - تۆگىلەك قىلىپ مىندۇرۇپ، رەسىمگە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

× × ×

بۇ ئەسلىمىلەر جانىمقانىنىڭ كۆز ئالدىدىن بۈگۈن يەنە بىر نۆۋەت ئۆتكىنىدە، ئۇ بېقىملىق پىچىرلىدى. "ئەخمەتجان ئەپەندىم بىزگە رەھبەر ھەم بىزنىڭ ئۆز ئاتىمىز…

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئەدەبىياتتىكى چىنلىق ۋە تەسىرچانلىق

قاۋسىلقان قامىجان

ئىنسانلارنىڭ مول مەنىۋى بايلىقى ۋە مۇھىم ئىدىيىۋى قورالى بولغان ئەدەبىيات خىلمۇ-خىل تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى كونكرېت ھېس قىلغىلى بولىدىغان بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ مۇقەررەر يوسۇندا مۇئەييەن چىنلىققا ئىگە بولىدۇ، كىشىلىك ھاياتنىڭ چىنلىقىنى روشەن ئېچىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەردە ھەر خىل شەكىلدە پىششىققان بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق مەلۇم دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش قىياپىتى جانلىق سىزىلغانلىقىنى كۆرىمىز؛ تارىخنىڭ تۈرلۈك سىناقلىرىدىن توسالغۇسىز ئۆتكەن ئاجايىپ زور ھاياتى كۈچ بىلەن تولغان ئەشۇ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ زىچ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنى بايقاپ ئالالايمىز. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنىلا بەدىئىي چىنلىق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ يادروسىدا تۇرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

مەلۇمكى، قەدىمقى زامانلاردا ياكى ھازىرقى دەۋرىمىزدە مەيدانغا كەلگەن كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر ئوخشاشلا تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان بەدىئىي چىنلىققا ئايلاندۇرۇلغانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

دېمەك يازغۇچىلار ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى رەڭگا-رەڭ، مۇرەككەپ تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، ماھىيەتلىك تىپىك تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى توپلاش، تاللاش، ۋە ئۇنى پىششىقلاش، ئومۇملاشتۇرۇش، يىغىنچاقلاش، مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق تۈرلۈك بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، رېئالىستىك ئۇسۇلدا چىن، ھەقىقىي تۈردە يورۇتۇپ بېرىلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىدۇ. بۇنداق تۇرمۇش ھەقىقىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئەسەرلەر ئەدەبىيات تارىخى بېتىدىن، خەلق قەلبىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشى تۇرغان گەپ.

شۇنى بىلىشىمىز لازىمكى، تۇرمۇش چىنلىقى تېخىچە يازغۇچى قەلىمىنىڭ ئۇچى تەگمىگەن، كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، تاللاش، پىششىقلاشتىن ئۆتمىگەن رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىدۇر. مۇشۇ تەبىئىي ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تۇرمۇش چىنلىقى يۇقۇرىدا دېيىلگەن ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانلىرىدىكى قەدەم-باسقۇچلاردىن ئۆتۈپ يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئىش قوشۇلۇپ ئاندىن بىر بالداق يۇقۇرى كۆتۈرۈلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بەدىئىي چىنلىققا ئايلىنىدۇ.

يەنى خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: "ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش، ئادەتتىكى ئەمەلى تۇرمۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ يۇكسەك، تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ غايىۋى بولىدۇ". مانا بۇلاردىن بىز تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئى چىنلىقنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى، قانداق پەرقنىڭ بولىدىغانلىقىنى يەنىمۇ ئېنىق چۈشىنىۋالالايمىز.

ھەر بىر دەۋرنىڭ رېئاللىقى شۇ دەۋردە ياشىغان يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى مول ھوسۇللۇق ئېتىزىدۇر. ئەشۇ مۇنبەت ئېتىزدىن قانداق قىلغاندا مول ھوسۇلنى قولغا كەلتۈرۈش مەسىلىسى يازغۇچىلارنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشىگە، بەدىئى ماھارىتىگە ئىجاتچانلىق روھىغا، تۇرمۇش تەجرىبىسىگە، سوبيېكتىپ تىرىشچانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك.

بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك تۇرمۇش رېئاللىقىمىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنى ھەر تەرەپلىمىلىك باي ماتىرىياللار مەنبەسى بىلەن تەمىن ئەتمەكتە. تۇرمۇش رېئاللىقىمىزدا دىگىدەك ھەر ئايدا، ھەر كۈنى، ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا خىلمۇ ـ خىل ھادىسىلار يۈز بېرىدۇ. تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. كىشىنى تەسىرلەندۈرگىدەك ۋەقەلەر، يېڭى شەيئىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ئىشلار خۇددى كىنو لېنتىسىدەك تىزىلىپ يازغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشى، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە بىردىن جەلپ قىلىشى، ئىلھاملاندۇرۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ھادىسىلارنىڭ، بۇ ۋەقەلەرنىڭ، بۇ يېڭى شەيئىلەرنىڭ ئۇچرىغىنىنى يېزىۋېرىش ھاجەتسىز. پەقەت مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىن قۇمنىڭ ئارىسىدىن ئالتۇن تاسقاپ ئالغاندەك ئىلغاپ، كىشىلەرنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئىلھام، مەدەت بېرىدىغان، زوقلاندۇرىدىغان، مەنىۋى كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايدىغان، ئىجتىمائى رولى زور، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى چوڭ، ئىستېتىك قىممىتى يۇقۇرى بولغانلىرىنى تاللاپ تازا ۋايىغا يەتكىچە پۇشۇرىدۇ. تىپىكلەشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش، يىغىنچاقلاش يولى بىلەن ئايرىم ھادىسە، كونكىرىت شەيئىلەر تەسۋىرى ئارقىلىق ئومۇملۇقنى چۈشەنىش، ئومۇملۇقنى گەۋدىلەندۈرۈش، تىپىك شارائىت زېمىنىدە، تىپىك ئوبرازنى يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇڭا بەدىئى چىنلىق مۇقەررەر يوسۇندا رېئال تۇرمۇش چىنلىقىدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىش، قايىل قىلىش، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى شۇنچىلىك يۇقۇرى بولىدۇ. گەرچە ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش، ئەسلىدىكى مەۋجۇت رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەينەن ئۆزى ئەمەس، ئۇ، يازغۇچىلار تەرىپىدىن توقۇپ چىقىلغان، تىپىكلەشتۈرۈلگەن بەدىئى ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نەرسە بولسىمۇ، كىتاپخانلار ئۇنى ئوقىغان چاغلىرىدا ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەر ئۆز بېشىلىرىدىن ئۆتكەندەك، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار بەئەينى ئۆزلىرى بىللە بىلەن ياشىغان، ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق ئادەملەردەك تۇيۇلىدۇ. ھەتتا ئوقۇۋېتىپ ھاياجانلىنىدۇ، خۇشاللىنىدۇ. ئوقۇۋېتىپ يىغلايدۇ، ھەسرەتكە چۆمىدۇ. ئوقۇۋېتىپ كۈلۈپ كېتىدۇ. ئوقۇۋېتىپ غەزەپلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئەشۇ ئەدەبىي ئەسەرنى يېزىۋېتىپ يازغۇچى قانداق ھېسسىياتقا كەلگەن بولسا، ئۇنى ئوقىغان كىتاپخانلارمۇ شۇنداق ھېسسىياتقا كېلىپ ئۆز ئارا ئورتاقلىشىدۇ. مەسىلەن: بىز ئادەتتىكى چوڭ ـ كىچىك ھەجىمدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، كۆپ توملۇق رومانلارنى ئالايلى، سىز شۇ بىر نەچچە توملۇق رومانىنى ئەكىلىپ تىزىپ قويسىڭىز، ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە شۇنداق قېلىن كۆرۈنىدۇ. مۇبا ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



Altun Oq

دا ئۇنى بىراۋغا كۆچۈرۈپ چىقىش ياكى بېتىنى ۋاراقلاپ ساناپ چىقىش دەپ تاپشۇرىدىغان بولساق، ئۇنىڭغا شۇنداق زېرىكىشلىك تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئەمما رومانىنى بىر نەچچە ئايلار، بىر نەچچە يىللار پۈتۈن زېھنى كۈچىنى سەرپ قىلىپ يازغان يازغۇچىغا، ئۇنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە باش كۆتەرمەستىن ئوقىغان كىتابخانلارغا قىلچىلىكمۇ زېرىكىشلىك ھېس قىلىنمايدۇ. بۇ ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇملۇق. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى باشقا ئەمەس ئۇلارنىڭ چىنلىق ئاساسى بىلەن تەسىرچانلىق، كۈچىدىن كەلگەن.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز لازىمكى: بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەرگە چىنلىق نۇقتىسىدىن باھا بەرگەندە ياكى ئۇنىڭ تۇرمۇش چىنلىقىغا، تۇرمۇش مەنتىقىسىغا ئۇيغۇن ۋە ئۇيغۇن بولمىغانلىقىنى بىلىشتە شۇ ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نەرسىلەرنى قارا ـ قويۇق سۈرەتلا ئاپىرىپ رېئال تۇرمۇش قېلىپىغا سېلىشتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوخشىغان ـ ئوخشىمىغانلىقىغا قاراپ باھا بېرىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشنىڭ ئۆلۈك ھالدا كۆچۈرۈلگەن خاتىرىسى ئەمەس، ئۇ، رېئال تۇرمۇشنىڭ مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىدە ۋۇجۇتقا چىققان جانلىق، يارقىن ئوبرازلىق ئىنكاسى. شۇڭلاشقا ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە يازغۇچىلارنىڭ رېئال تۇرمۇشنى ئىجادىي يوسۇندا ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بويىچە يورۇتۇپ بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكىگە قاراش كېرەك. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا يازغۇچىلار ھامان رېئال تۇرمۇشتىن ئالغان مول تەسىراتنى ئىپادىلەشنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. ۋە ئۇنى تۈپ ئاساسلىق نۇقتا قىلىدۇ. بۇ يەردە، يازغۇچىلارنىڭ تەسىراتى ئوخشاشلا چىنلىقتىن كەلگەچكە ئۇلار رېئال تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ئىپادىلىگەندە ئۇنىڭ چىن بولۇشى بىلەن تەسىرلىك بولۇشىغا نىسبەتەن ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىدۇ.

ئەدەبىياتتىكى چىنلىق بىلەن تەسىرچانلىق، ئۆز ئارا زىچ دىئالېكتىكىلىق باغلىنىشلىق بولغان، بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. چىنلىق بولمىسا تەسىرچانلىق بولمايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا تۇرمۇش چىنلىقى بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا كىتابخانلار ئاممىسىنى ھەقىقىي تۈردە تەسىرلەندۈرىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كېلەلمەيدۇ.

ئەدەبىياتتىكى چىنلىق بىلەن تەسىرچانلىق ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك باغلىنىش ناھايىتى زىچ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ناھايىتى قويۇق بولىدۇ. چۈنكى چىنلىقى بولمىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تەسىرچانلىقىدىن ئېغىز ئېچىشقا بولمايدۇ. تەسىرچانلىقى بولمىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ چىنلىقىدىن ئېغىز ئېچىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇ ئىككىلىسى ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن بارلىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر قانچىلىك ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلار كىشىلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ، خاتىرىلىرىدە ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ.

ئادەتتە ھايات ياشاۋاتقان كىشىلەر ئۆزلىرى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان مۇھىت ئىچىدە تۇرۇپ ئۆز ماكانىدا، ئۆز ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن، ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىن ئانچە تەسىرلىنىپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى: ئۇلار ئۇنىڭغا ھەمىشە ئادەتلىنىپ قالغاچقا، كۆپىنچە يۈزە قارايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە شۇنداق تەسىرلىك، شۇنداق ماھىيەتلىك نەرسىلەر يوشۇرۇنۇپ ياتسىمۇ ئۇنى ھېس قىلالمايدۇ. سىزىۋالالمايدۇ، چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. ئەمما يازغۇچىلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى داۋاملىق تەتقىق قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ـ ماھىيەتسىز، گۈزەل ياكى خۇنۇك، تەسىرلىك ياكى تەسىرلىك بولالمىغان تەرەپلىرىنى ئاسانلا بايقاپ ئالالايدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت داۋامىدا تاللاش، بىلەن ئىلغاشنى بىرلەشتۈرۈپ توپلانغان ماتېريال ـ

لارنى تولۇق يۇغۇرۇشتىن ئۆتكۈزىدۇ. ئاندىن يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش تەسىراتلىرىنى، سوبيېكتىپ ھېس تۇيغۇسىنى سىڭدۈرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى تۇپەيلىدىن ئەدىبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئوتتەك كۆرىنىدۇ. ئۇلارغا شۇنداق راست، ھەقىقى نەرسىلەر بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن تامامەن قايىل بولىدۇ، تەسىرلىنىدۇ، ھوزۇرلىنىدۇ. مانا بۇلارنى بەدىئى ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى بىلەن تەسىرچانلىقىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەدەبىياتتىكى چىنلىق ئەدەبىياتتىكى تەسىرچانلىقنىڭ ئاساسى، ئەدەبىياتتىكى تەسىرچانلىق ئەدەبىياتتىكى چىنلىقنىڭ نەتىجىسى، پەقەت چىنلىق ئارقىلىقلا تەسىرچانلىق ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ئەدىبىي ئەسەرلەر تەسىرچانلىق كۈچى ئارقىلىقلا ئۆزلىرىنىڭ تەربىيىۋى رولىنى، تونۇتۇش رولىنى، ئېستېتىك رولىنى جارى قىلالايدۇ.

يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە ئەدەبىيات گۈلزارىمىزدا تىما دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى باي، چىنلىق ئاساسى پۇختا، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك، ئىدىيىۋىلىكى، بەدىئىلىكى خېلى كامالەتكە يەتكەن ساغلام بولغان نۇرغۇن ياخشى ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. كىتابخانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى، ئۇلارنىڭ ھەقىقى ئادىل باھاسىنى ئالدى. بۇ مەسىلە خەلقىمىزنىڭ كۈتكەن سەممىي ئۈمىدىنىڭ ئەدىبىي ئىجادىيىتىمىزدىكى نامايەندىسى، زامانىمىز ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدىكى ئاساسلىق ئېقىم، ئاساسلىق يۈزلىنىشتۇر. شۇنداق بولسىمۇ ئىجات قىلىنغان ئەدىبىي ئەسەرلىرىمىزنىڭ چىنلىقى بىلەن تەسىرچانلىقى مەسىلىسىدە دىققەت قىلمىسا بولمايدىغان نۇقسانلىقلارمۇ يوق ئەمەس. ئالايلى بەزى ئەدىبىي ئەسەرلەردە تەكرار ئۇقۇپمۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان، تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ تېگى - تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئابستىراكىت چۈشەنچىلەر، ئەمەلىيەتتىن يىراقلاشقان قۇرۇق پەرەزلەر، چىنلىقتىن ھالقىپ كەتكەن كۆپتۈرمىچىلىك، بۇرمىلاپ كۆرسۈتۈش خاھىشى كۆرۈلمەكتە. بۇنداق قېلىپتا يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئوقۇپ تەسىرلىنىشمۇ، ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ھېس قىلىشمۇ قىيىن.

ئەدىبىي ئەسەرلەرنىڭ كىشىلەر قەلبىگە بىلىندۇرمەي سىڭىپ كىرىشتەك تەبىئى ھالىتىنى ئېتىۋارغا ئالماي، يوقىلاڭ نەرسىلەرنى زورلاپ يېزىش، تۇرمۇش قانۇنىيىتىنىڭ نورمالىنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئىستىلى، كىتابخانلارنى قايىل قىلىش ئەمەس، بەلكى نارازى قىلىش، تەسىرلەندۈرۈش ئەمەس، بەلكى زېرىكتۈرۈش كەيپىياتىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئەسەرلەردە رېئال تۇرمۇشتا نىمە بولسا شۇنى يېزىپ قويۇشتەك ناتۇرالىستىك خاھىشى سادىر بولماقتا. بەدىئى چىنلىقتىن يىراقلاشقان بۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئەسەر ھەر قانچە پەدەزلەنسىمۇ ئۇ بەرىبىر كىشىلەرنىڭ كۆزىگە قوپال، كېلەڭسىز كۆرىنىدۇ، خالاس.

بۇ خىل ناچار ئىللەتلەرنىڭ ئىپادىسى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ چىنلىقى بىلەن تەسىرچانلىقىغا دەرىجىسى ئوخشىمىغان ھالدا يامان تەسىرلەرنى يەتكۈزمەكتە.

بىز ئەدىبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىلمىي قانۇنىيىتى، پىرىنسىپىدا قەتئى چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇرىدىكى كۆرسۈتۈلگەن كۆچۈرمىچىلىك، كۆپتۈرمىچىلىكتىن ئىبارەت ئىللەتلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك.

ئەدىبىي ئەسەرلەردە چوقۇم ئىجتىمائى رېئاللىق مۇكەممەل بەدىئى ئوبراز ئارقىلىق مەقسەتلىك، جانلىق روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى. ئۇنىڭ چىنلىقى بىلەن تەسىرچانلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئەدىبىي ئەسەرلەر كىتابخانلارنى زوقلاندۇرالايدۇ.

# يۇمۇرلار

تۇرسۇن ئىمىن

## مېدال

ۋېلىسىپىت مۇسابىقىسىدا قاتنىشىپ قايتىپ كىرگەن ئوغلىدىن دادىسى سورىدى:
— بالام مۇكاپات مېدالى ئالالىدىڭمۇ ؟
بالىسى جاۋاپ بەردى:
— ھەئە، ھەممىنى قوغلاپ - سۈرۈپ چەمبەر شەكىللىك "مېدال" دىن بىرنى ئالدىم.

## دەپ بەرسەڭچۇ ؟

ئىمتىھان بېرىۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى يېنىدىكى ساۋاقدىشىدىن سورىدى:
— ئاداش 3 - سوئالنى بىلەلمىدىم، دەپ بەرسەڭچۇ؟
— تەخىر قىلىپ تۇرغىن ، سىرتقا چىققاندا ئاپتاپ سۇنغاچ دەپ بېرەي ......

## چىشلاغا بىر

— دوستۇم بۈگۈن ئىشقا دەل ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ كەپسەن، كۈن قاياقتىن چىققاندۇ؟
— ھەجەپ " دوت " ئىكەنسەن ، بۈگۈن چىشلاغا بىر، كاسسىر بىلەن بالدۇرراق كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ ئەمەسمۇ ؟!

## " ئىجادىيەت "

...... كېتىۋاتقان ئىككى كىشى پاراڭلاشماقتا، بىرىنچى كىشى - ئىككىنچى كىشىدىن سورىدى :
— يولداش ، سىز نەچچە يىل ئوقىغان ؟
— 15 يىل.
— بىرەر ئىجادىيىتىڭىز بارمىكىن ؟
— بولمامدىغان.
— قانداق ئىجادىيەت ؟
— كېتىۋاتقانلارنى چاپچۇتلاپ يىقىتىۋېتىدىغان.

## چوپقىتىم

— فاساپ ئۇستام، سىز نىمىشقا ماڭا دائىم سوڭىگى‌جىق گوشتنىلا بىرىسىز ؟
— نادانكەنسىز …… سىز مىنىڭ دائىملىق ئەڭ يېقىن چوپقىتىم ئەمەسمۇ؟

## سوراپ بېقىش

A : دوستۇم كونىلارنىڭ: « خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن ئەقلى قىسقا » دەيدىغان بىر گېپى بار. بۇ قانداق گەپتۇ ؟
B : مەن ئايالىمدىن سوراپ باقاي، سەن ئاپاڭدىن سوراپ باققىن.

## بەك قىزىدى

ئارتىست : دوستۇم ياسىن، تۈنۈگۈن ئاخشامقى ئويۇنىمىز تازا قىزىدىغۇ ـ دەيمەن؟
— ھەئە بەك قىزىدى . مەشىقىڭلا يېرىملاشقىچە ئويۇن كۆرگۈچىلەر راسا خورەككە چۈشتى…

## سوراپ بېقىش

دادىسى : بالام مەن بەلەنمۇ ؟ ئاپاڭ بەلەنمۇ ؟
بالىسى : دادا ، توختاپ تۇرۇڭ، مەن بۇنى چوڭ ئانام بىلەن چوڭ دادامدىن سوراپباقاي.

## دورا يىسەڭ ساقىيىسەن

ئانىسى : بالام بۈگۈن سەن مېنى بەك خاپا قىلىپ بېشىمنى ئاغرىتتىڭ جۇمۇ !
بالىسى : ـ تۈنۈگۈن دادام دوختۇرخانىدىن باش ئاغرىقنىڭ دورىسىنى ئەكىرگەنتى ، دورا يىسەڭ ساقىيىسەن .

## ئىزا تارتىش

— سۆيۈملۈگۈم يەنە ئىچىپسىز ـ ھە ؟
— ياق بۈگۈن ئىچمىدىم .
— نىمە ، يۈزىڭىز قىزىرىپلا كېتىپتىغۇ ؟
— سىزنى كۆرۈپ ئىزا تارتىپ ……

## ئەدەپلىك

— ئاداش دۇنيادا ئەڭ ئىسىل ئىش ئەدەپلىك بولۇش ئىكەن، جۇمۇ ؟
— بۇنى سەن نەدىن بىلدىڭ ؟
— مەس بولۇپ تاياق يەپ ، دوختۇرخانىدا ئۈچ ئاي ياتقاندا بىلدىم .



ژۇرنىلىمىز ئاچقان قەلەمكەشلەر ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىدا يازغۇچى، شائىرلار يىغىن سىرتىدا ئۆز-ئارا ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرماقتا.



ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان ھەرقايسى ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىدىكى مۇھەررىرلەر ئەدەبىي ژۇرناللارنى ياخشى چىقىرىش ۋە ياخشى باشقۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقتا.

(سۈرەتلەرنى تۇردى مەتنىياز تارتقان)




## قەشقەر ئەدەبىياتى (13 - يىل نەشرى)

1984 - يىل 5 - سان (ئىككى ئايدا بىر چىقىدۇ)

---

ناشىرى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى ۋاكالىتەن ساتىدۇ

فورماتى: 1092 × 787 م م 1/16، 8 تاۋاق

پارچە سېتىلىش باھاسى: 35 فوڭ، ژورنال نومۇرى 62 — 58

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 041

---

## 《喀什噶尔文学》（双月刊）

1984 年 第 五 期

编辑：《喀什噶尔文学》编辑部
喀什地区文联

印刷：《喀什日报》印刷厂

订阅：全国各地邮电局（所）

代售：各地邮电局及新华书店

开本：1092×787MM1/16，8 印张

代号：58—62　单价：0.35 元

新疆维吾尔自治区期刊登证　041 号